# ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى

1

## راك

جۇڭگو قامۇس نەشرىياتى

中央民族大学图书馆

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى

## 1

# راك

نەشرگە ئۇيۇشتۇرغۇچى ئورۇنلار:
ش ئۇ ئا ر ئون ئىككى مۇقام تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتى
ش ئۇ ئا ر ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقات جەمئىيىتى

جۇڭگو قامۇس نەشرىياتى

中央民族大学图书馆

A
J642.211.5
T760

633908




16-ئەسىردە ئۆتكەن ئون ئىككى مۇقام ئۇستازى ئامانىساخاننىڭ ھەيكىلى

16 世纪木卡姆大师阿曼尼萨汗塑像

中央民族大学图书馆




16 世纪木卡姆大师阿曼尼萨汗陵墓　　16_ئەسىردە ئۆتكەن مۇقام ئۇستازى ئامانىساخاننىڭ قەبرىگاھى

中央民族大学图书馆



مۇقام پېشۋاسى تۇردى ئاخۇن ئاكىنىڭ 1951-يىلى مۇقام ئورۇنداۋاتقان ۋاقتى

木卡姆大师吐尔迪阿洪于 1951 年演唱木卡姆

中央民族大学图书馆



十二木卡姆在首都舞台上

مۇقام ئانسامبىل پايتەخت سەھنىسىدە

中央民族大学图书馆

باش مۇھەررىر : تۆمۈر داۋامەت

مۇئاۋىن باش مۇھەررىرلەر:

مەتتىمىن يۈسۈپ

مۇھەممەتتۇرسۇن باۋۇدۇن

تەھرىر ھەيئەتلەر:

تۆمۈر داۋامەت (ش ئۇ ئا ر ئون ئىككى مۇقام ئىلمىي تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى)

مىجىت ناسىر (كاندىدات تەتقىقاتچى)

مەتتىمىن يۈسۈپ (ش ئۇ ئا ر ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى، تەتقىقاتچى)

ئىمىن تۇرسۇن (تەتقىقاتچى)

مۇھەممەت ئىسمايىل (ش ئۇ ئا ر مۇقام فوندى جەمئىيىتىنىڭ مۇدىرى)

ئابدۇرېھىم رەجەپ (پروفېسسور)

شەرىپىدىن ئۆمەر (پروفېسسور)

خەمىت تۆمۈر (پروفېسسور)

مۇھەممەتتۇرسۇن باۋۇدۇن (كاندىدات ئالىي مۇھەررىر)

ۋەن تۇڭشۇ (1-دەرىجىلىك كومپوزىتور)

تيەن ليەنتاۋ (پروفېسسور)

قېيۇم تۇردى (1-دەرىجىلىك يازغۇچى)

ئوبۇل ئىسلام (ئالىي مۇھەررىر)

جاڭ خۇڭچاۋ (كاندىدات تەتقىقاتچى)

ئابلىز شاكىر (ئاتاقلىق مۇقامچى)



中央民族大学图书馆

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

**ئون ئىككى مۇقام تېكست گۇرۇپپىسىنىڭ مەسلىھەتچىلىرى:**

مۇھەممەت سەلەي ھاجى (تەتقىقاتچى)
خەمىت تۆمۈر (پروفېسسور)
ئىسرائىل يۈسۈپ (تەتقىقاتچى)
ئابدۇقېيۇم غوجا (تەتقىقاتچى)
راخمان مامۇت (ئالىي مۇھەررىر)

**ئون ئىككى مۇقام تېكستلىرىنى رەتلەش گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزالىرى:**

مۇھەممەتتۇرسۇن باۋۇدۇن (كاندىدات ئالىي مۇھەررىر)
شەرىپىدىن ئۆمەر (پروفېسسور)
ئىمىن تۇرسۇن (تەتقىقاتچى)
مەمتىلى زۇنۇن (1-دەرىجىلىك دراماتورگ)
ئابلىز شاكىر (ئاتاقلىق مۇقامچى)
قاۋۇل ئاخۇن (ئاتاقلىق مۇقامچى)
ئەسقەر (دوتسېنت)، تۇرسۇن ھوشۇر (دوتسېنت)
ئۆمەر ئىمىن، مۇھەممەتتۇردى مىرزائەھمەد (تەھرىر)

**ئون ئىككى مۇقامنى قايتا نوتىغا ئالغۇچى:**

مەتروزى تۇرسۇن (1-دەرىجىلىك كومپوزىتور)

**يىگىدىن تېپىلغان 53 ئاھاڭنى نوتىغا ئالغۇچى:**

ئابدۇكېرىم ئوسمان (لېكتور)

**ئون ئىككى مۇقام نوتا گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزالىرى:**

ۋەن تۇڭشۇ (1-دەرىجىلىك كومپوزىتور)
نۇرمەھەممەت (1-دەرىجىلىك كومپوزىتور)
جۇ جى (1-دەرىجىلىك كومپوزىتور)
غىياسىدىن بارات (1-دەرىجىلىك كومپوزىتور)



中央民族大学图书馆

ئابلىكىم ئابدۇللا (1-دەرىجىلىك كومپوزىتور)
سۇلايمان ئىمىن (پروفېسسور)، خەن باۋچياڭ (دوكتور)
ئابلىز شاكىر (ئاتاقلىق مۇقامچى)
قاۋۇل ئاخۇن (ئاتاقلىق مۇقامچى)

**مۇقام تېكستلىرىنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىلار:**

ۋاڭ يىجى (ئالىي مۇھەررىر)
جاڭ خۇڭچاۋ (كاندىدات تەتقىقاتچى)
ئىمىن ئەخمىدى
ئەكبەر غۇلام (كاندىدات ئالىي مۇھەررىر)
جاۋ گودۇڭ (پروفېسسور)
ياڭ جىنشياڭ (كاندىدات ئالىي مۇھەررىر)
قۇربان بارات (كاندىدات ئالىي مۇھەررىر)، مەمتىلى دانى

**مۇقام تېكستلىرىنىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسىنى بېكىتكۈچىلەر:**

ۋاڭ يىجى (ئالىي مۇھەررىر)
جاڭ خۇڭچاۋ (كاندىدات تەتقىقاتچى)
ئەكبەر غۇلام (كاندىدات ئالىي مۇھەررىر)
قۇربان بارات (كاندىدات ئالىي مۇھەررىر)

**كىرىش سۆز، تەرجىمىھال، ئىزاھاتلارنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچى:**

ئەكبەر غۇلام (كاندىدات ئالىي مۇھەررىر)

**كىرىش سۆزنى ئىنگلىزچىگە تەرجىمە قىلغۇچىلار:** مىڭ چىڭشى (ئالىي مۇھەررىر)، شۈ يۈيۈ (تەتقىقاتچى)، لۇ شۈدۇڭ

**لاتىنچە ترانسكرىپسىيىسىنى ئىشلىگۈچىلەر:**

مۇھەممەتتۇرسۇن باۋۇدۇن (كاندىدات ئالىي مۇھەررىر)



中央民族大学图书馆

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىكەتى ئادرېسى www.uyghurkitap.com

مەتبەھىم سايىت (دوتسېنت)

**ئۇيغۇرچە تېكستلەرنىڭ يەشمىسى، لۇغىتى، ئىزاھاتى ۋە كلاس-سىك شائىرلارنىڭ تەرجىمىھالىنى ئىشلىگۈچى:**

مۇھەممەتتۇرسۇن باۋۇدۇن (كاندىدات ئالىي مۇھەررىر)

**ئون ئىككى مۇقام نوتىسىنى تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچىلەر:**

تىيەن لىيەنتاۋ (پروفېسسور)

جۇ جى (1-دەرىجىلىك كومپوزىتور)

**يېڭىدىن تېپىلغان 53 ئاھاڭنى تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچىلەر:**

تىيەن لىيەنتاۋ (پروفېسسور)، سۇلايمان ئىمىن (پروفېسسور)

**ئون ئىككى مۇقام ئاھاڭ كۆرسەتكۈچ جەدۋىلى ۋە نوتا ئىزا-ھاتلىرىنى ئىشلىگۈچىلەر:**

ئابلىز شاكىر (ئاتاقلىق مۇقامچى)

ئابدۇكېرىم ئوسمان (لېكتور)

**مۇقاۋا لايىھىلىگۈچى ۋە نەققاشلارنى ئىشلىگۈچى:**

تۇردى قادىر نازىرى

**خەتتات:** نىياز كېرىم، تۇردى قادىر نازىرى

**قىستۇرما رەسىمنى ئىشلىگۈچى:** غازى ئەھمەت (پروفېسسور)

**فوتوگراف:** ئەركىن قادىر

ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ مۇھىم تەركىبى بولغان قىممەتلىك مىراسلىرىمىزدىن «ئابى چەشمە»، «مۇستەھزاد» ۋە «ئىشرەت ئەنگىز»لەرنى ساقلاپ، بىزنى شۇ مىراسلىرىمىز بىلەن تەمىن ئەتكۈچىلەر: روزى ئاخۇن قالونچى، خالىق ھاجى، سەپەر.



中央民族大学图书馆

# ئاساسلىق تەھرىر ۋە نەشرىيات خادىملىرى

باش تەھرىر: شۈي ۋېيچېڭ
مۇئاۋىن باش تەھرىر: ۋاڭ دېيۇ
مۇدىر تەھرىر: ياڭ گۇاڭخۇي، ئابدۇشۈكۈر ئابلىز
مەسئۇل تەھرىر: جىن بۇ، ئابدۇشۈكۈر ئابلىز
مۇزىكا تەھرىرى: ساۋ لەي
تەكلىپ قىلىنغان تەھرىرلەر: مۇھەممەتتۇرسۇن باۋۇدۇن
شەرىپىدىن ئۆمەر
ئابدۇقېيۇم خوجا
ئۇيغۇرچە تېكىستلەر بىلەن لاتىنچە ترانسكرىپسىيىلىك تېكىستلەر-
گە تەكلىپ قىلىنغان مەسئۇل كوررېكتور:
مۇھەممەتتۇرسۇن باۋۇدۇن
خەنزۇ يېزىقىغا تەكلىپ قىلىنغان تەھرىر:
ئەكبەر غۇلام
مەسئۇل كوررېكتورلار: جىن بۇ، ئەكبەر غۇلام
شياۋ يىڭ
تەكلىپ قىلىنغان تېخرېداكتور: ئابلىز قاسىم
مەتبەئە مەسئۇلى: تۇڭ شىڭكەن، چيەن داچۈەن



中央民族大学图书馆

www.uyghurkitap.com





中央民族大学图书馆





中央民族大学图书馆

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# كىرىش سۆز

ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى — پارلاق جۇڭخۇا مەدەنىيەت خەزىنىسىدىكى بىباھا گۆھەر، ئەمگەكچان ـ ئىجادچان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى، ئۇيغۇر ھاياتىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى مۇزىكا تىلى بىلەن بايان قىلىدىغان بەدىئىي قامۇستۇر. ئۇنىڭدا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھاياتى ۋە گۈزەل مەنىۋىيىتى، ئىستەك ـ خاھىشلىرى، تارىخىي رېئاللىق ۋە تۇرمۇش مۇھىتىدىن كېلىپ چىققان مۇھەببەت ـ نەپرەتلىرى ئىنسان تەپەككۇرىنىڭ مۇزىكا، بەدىئىي ئەدەبىيات ۋە ئۇسۇل قاتارلىق خىلمۇخىل شەكىللىرى بىلەن ئىپادىلەنگەن. مۇزىكىلىق ئىپادە جەھەتتە لىرىكا بىلەن ئېپىكا، نەغمە بىلەن نەزمە گارمونىك ھالدا ئۇيغۇنلاشتۇرۇلغان. مۇنداق مۇزىكا ئەسىرى دۇنيا مىللەتلىرىنىڭ سەنئەت تارىخىدا كەم ئۇچرايدىغان ئالاھىدە ئەسەر بولغاچقا، ”شەرق مۇزىكا مەدەنىيىتىدىكى مۆجىزە“ دەپ تەرىپلەنمەكتە.

ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ تارىخى ئۇزۇن، ئارقا كۆرۈنۈشى كەڭ ۋە چوڭقۇر. مۇقاملار ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بېشىدىن كەچۈرگەن تارىخىي دەۋرلىرى بىلەن ھەمقەدەمدۇر. مۇقاملار كۆپلىگەن ماكان ۋە بىرقانچە زاماندا، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ نۇرغۇنلىغان بەستىكارلىرى، ناخشىچىلىرى ۋە چالغۇچىلىرى تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغان خەلق مۇزىكىسىدۇر.



中央民族大学图书馆

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئېتنىك تەركىبىگە كىرگەن قەۋم-قەبىلىلەر كۆپ ۋە كەڭ دائىرىلىك بولغاچقا، مەدەنىيىتىمۇ، جۈملىدىن مۇزىكا سەنئىتىمۇ كۆپ قاتلاملىق، كۆپ مەنبەلىك. چۈنكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى قەدىمكى خەلقئارا قۇرۇقلۇق قاتناش لىنىيىسى — يېقىنقى زاماندا "يىپەك يولى" دەپ ئاتالغان لىنىيىنىڭ مۇھىم تۈگۈنىنى چۆرىدىگەن زېمىندا مەيدانغا كەلگەن. بۇ قەدىمكى مىللىي مەدەنىيەتنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولغان ئۇيغۇر مۇزىكا سەنئىتىمۇ ئەنە شۇ زېمىندا شەكىللەنگەن. دەرۋەقە، ئۇيغۇر خەلقى ئۆزىنىڭ مۇزىكا مەدەنىيىتى بازىسىدا، باشقا خەلقلەردىن ئۆزىگە مۇۋاپىق كېلىدىغان ئىجابىي تەسىر ۋە پايدىلىق ئامىللارنى قوبۇل قىلىپ، ئۆزىنىڭ مىللىي مۇزىكا بايلىقىنى مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتلىردىن بېيىتقان.

ئۇيغۇر مۇزىكىسىنىڭ تارىخى ناھايىتى ئۇزاق زامانلاردىن باشلىنىدۇ. ئىپتىدائىي جەمئىيەت باسقۇچىدا خەلق ئىچىدە ئىجاد قىلىنىپ، كەڭ تارقالغان يىر-كۈيلەر ۋە چالغۇلار فېئوداللىق جەمئىيەت دەۋرىدە تېخىمۇ راۋاجلىنىپ، بارا-بارا سىستېمىلاشقان. بۇ — ئۇيغۇر مۇزىكىسىنىڭ زامان ئامىللىرى. تەڭرىتاغ بويلىرى ۋە تارىم ۋادىسىدا ياشاپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ شەكىللىنىشىدە مۇھىم ئېتنىك تەركىبلەردىن بولغان قەدىمكى ئاھالە مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى چاغلاردىلا دېھقانچىلىق ۋە شەھەر مەدەنىيىتىنى بەرپا قىلغان. جۈملىدىن يەرلىك ۋە مىللىي پۇراققا ئىگە بولغان ئاجايىب باي ۋە رەڭدار مۇزىكا مەدەنىيىتىنى ياراتقان. بۇ كەڭ زېمىندا ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈلگەن ھەرخىل مۇزىكا ژانىرلىرى ئۆزلىرى يارالغان زېمىنلەر-



中央民族大学图书馆

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

نىڭ نامىلىرى بىلەن كۇچا مۇزىكىسى، قوچۇ-قومۇل مۇزىكىسى، قەشقەر-خوتەن مۇزىكىسى دەپ ئاتالغان. بۇ ئۇيغۇر مۇزىكىسىنىڭ ماكان ئامىللىرى.

ئۇيغۇر مۇزىكىسىنىڭ مۇنتىزىم قىسمى بولغان مۇقاملارنىڭ شەكىللىنىشىمۇ ئەنەشۇ زامان-ماكان ئامىللىرىغا باغلىق. مۇقاملار-نىڭ ئاساسىنى تەشكىل قىلغان "چوڭ نەغمە"قەدىمكى چاغلاردا "بۇيۇك كۈي" (خەنزۇچە "داچۈي") دەپ ئاتالغانىدى. مىلادى IV ئەسىردە، "بۇيۇك كۈيلەر"دىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە ئاۋۋال "قومۇل بۇيۇك كۈيى"، ئۇنىڭدىن كېيىن كۇچا، قوچۇ، قەشقەر، خوتەن كۈيلىرى تارقالغانىدى. «ۋېي نامە»، «لۇي گۇاڭ ھەققىدە»، «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»نىڭ «غەربىي دىيار» بۆلۈمى ۋە «سۇي نامە»نىڭ «مۇزىكا تەزكىراتى»دا قەيت قىلىنغان پاكىتلا-رغا ئاساسلانغاندا، مۇقاملارنىڭ دەسلەپكى سۈي-سوتۇقلىرى— "بۇيۇك كۈيلەر"مىلادى VI ئەسىردىن خېلى ئىلگىرى مۇنتىزىم كۈيلەر سىستېمىسى بولۇپ شەكىللىنىپ بولغانلىقى تەخمىن قىلىن-ىندۇ. VI ئەسىردىن X ئەسىرگىچە ئارىلىقتا بولسا، ھەر جاي ھەر ماكاندا خەلق ئىچىدە تارقالغان مۇقام كۈيلىرى تېخىمۇ راۋاج-لىنىپ، بىر-بىرىگە سىڭىشكە باشلىغان. XII ئەسىردىن كېيىن "بۇيۇك كۈي"دېگەن نام بارا-بارا "مۇقام"دېگەن ئەرەبچە نام بىلەن ئالماشقان. مۇقام ئېتىمولوگىيىلىك مەنىسىدىن قەتئىينەزەر، مۇئەييەن سىستېمىغا سېلىنغان بىر يۈرۈش—سىجىل مۇزىكىلار مۇجەسسەمىنى بىلدۈرىدىغان خاس نام بولۇپ قالدى.

14-ئەسىردە "چىغاتاي تىلى" دەپ ئاتالغان ئۇيغۇر يېزىق ئەدەبىي



中央民族大学图书馆

تىلىغا ئەرەبچە-پارسچە سۆزلەر كۆپلەپ قوبۇل قىلىنىشى مۇناسى-ۋىتى بىلەن، ئەدەبىيات-سەنئەت ئاتالغۇلىرىنىڭ بىرقىسمى، جۈم-لىدىن مۇزىكا ۋە مۇقام ناملىرىمۇ ئەرەبچە-پارسچە ئاتىلىدىغان بولۇپ كەتتى.

ئون ئىككى مۇقام تەركىبىگە كىرگەن بەزى ئاساسىي كۈيلەر V ئەسىردىلا كۇچالىق مۇزىكاشۇناس سۇجىۋا تەرىپىدىن گرافىك-لىق (توخرى يېزىقىدا ئىشلەنگەن بەلگىلەر بىلەن) خاتىرىلەنگەنلىكى مەلۇم. IX ئەسىردە بولسا، فارابى تۈركىي خەلق-لەر مۇزىكىسىغا ئەرەب مۇزىكا نەزەرىيىسىنىڭ بەزى مۇۋاپىق چۈ-شۈنۈكلىرىنى تەتبىق قىلىپ، ئەرەبچە ئاتالغۇلار بىلەن گرافىكلىق خاتىرىلەشنىڭ قائىدىلىرىنى ئىشلەپ چىققان. مۇقاملار كۆپىنچە، ئەل نەغمىچىلەر تەرىپىدىن ئېغىزدىن ئېغىزغا كۆچۈش ئارقىلىق تارقالغانلىقى ئۈچۈن، گرافىكلىق خاتىرىلەش ئۇسۇلى ئىزچىل داۋام قىلالمىغان. لېكىن ئەل نەغمىچىلەر تەجرىبىلەر ئاساسىدا ياراتقان ”چىكىت“ ئۇسۇلى بىلەن شاگىرتلارغا ئۆگىتىپ كەلگەن. ”بۈيۈك كۈيلەر“نىڭ بەزى ئاھاڭلىرى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە، خەنزۇ يېزىقى ئاساسىدا ئىشلەنگەن گرافىكا بىلەن خاتىرىلەنگەنلىكى ئۈ-چۈن، ئىچكى ئۆلكىلەردىمۇ ساقلىنىپ قالغان.

ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامنىڭ كلاسسىك سىكلى XV ئەسىردە خېلىلا مۇجەسسەملەشكەن. XVI ئەسىردە سۇلتان ئابدۇ-رەشىتخان، ئامانىساخان ۋە ئەينى دەۋردىكى مۇقامشۇناسلاردىن قىدىرخان قاتارلىقلارنىڭ تەشەببۇسى ۋە غەيرىتى بىلەن، جاي-جايلاردىن كۆپلىگەن ئەل نەغمىچىلەر، مۇقامشۇناسلار جەلپ



中央民族大学图书馆

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

قىلىنىپ، مۇقاملارنىڭ ھەرخىل نۇسخىلىرى كەڭ كۆلەمدە توپلان-
غان؛ ”بەش تونىكا، يەتتە ئاھاڭ“ ۋە ”ئون ئىككى پەللە“ قائىدى-
سى بويىچە، ئىنچىكە تەھقىقلىنىپ، سىستېمىلاشتۇرۇلغان. شۇنىڭ
بىلەن ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ ھازىرقى ئۆرنىكى شەكىللەن-
گەن. بۇ ئۆرنەك بويىچە ئون ئىككى مۇقام راك، چەببايات، سىگاھ،
چەھارگاھ، پەنجىگاھ، ئۆزھال، ئەجەم، ئۇششاق، بايات، نەۋا، مۇ-
شاۋەرەك، ئىراقلاردىن ئىبارەت. دەرۋەقە، زامانىنىڭ ئۆتىشى بىلەن،
مۇقاملارنىڭ ناملىرى ۋە رەت-تەرتىپى جەھەتلىرىدە بەزى ئۆزگە-
رىشلەر يۈزبەرگەنلىكى مەلۇم. شۇنىڭدەك ئون ئىككى مۇقامنىڭ
ئۆز ئالاھىدىلىكلىرى بولغان يەرلىك ۋارىئانتلىرىمۇ مەۋجۇت، بولا-
ردىن مەشھۇرراقلىرى قومۇل مۇقاملىرى بىلەن دولان مۇقاملىرىدۇر.

ھەر بىر مۇقامدا ”كىرىشمە“بولىدۇ-دە، بۇ مەزكۇر مۇقامنىڭ
”ئانا تونى“نى بەلگىلەيدۇ؛ ”كىرىشمە“ (”مۇقەددىمە“دەپ ئاتالغان
مۇقام بېشى) پۈتۈن بىر مۇقامدىكى خىلمۇ-خىل كۈيلەرنىڭ غولى.
ئاندىن، مۇقام چوڭ نەغمە، داستان، مەشرەپ دېيىلگەن ئۈچ
سوتۇقتا (چوڭ قىسىمغا) بۆلۈنىدۇ. چوڭ نەغمە يەنە تەئەززە،
نۇسخە، جۇلا، سەنەم، سەلقە، پىشرەۋ قاتارلىق كۈيلەردىن تەركىب
تاپقان. (بۇ كۈيلەردىن بەزىلىرى بىرقانچىدىن شاخلىنىدۇ)؛ بۇ
كۈيلەرنىڭ ئۆز ئالدىغا مەرغۇللىرى ۋە چۇشۇرگىلىرى بولىدۇ؛
مەرغۇللار ئۆزلىرى تۇسلىنىپ چىققان كۈي (ئانا ئاھاڭ)دىن
ئۈزۈپ ئىلىنسا، ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل كۈي بولالايدۇ. ”كىرىش-
مە“دىكى توپ ملودىيە مۇقامنىڭ ئۈچىنچى سوتۇقىدا بەلگىلىك
مۇزىكا قانۇنىيىتى بويىچە خىلمۇ-خىل ئۆزگىرىش ياسايدۇ. يەنە،



中央民族大学图书馆

مۇقامنىڭ چوڭ نەغمە قىسمى ئاخىرىدا ”تەئكىد“ بولىدۇ. تەئكىد —بىرىنچى سوتۇقتىن ئىككىنچى سوتۇققا— داستان قىسمىغا ئۆتۈشنىڭ كوۋرۈكى. چوڭ نەغمىنىڭ كۈيلىرى كۆپىنچە لىرىكىلىق كۈيلەردۇر. چوڭ نەغمىدىكى تۈپ ملودىيە داستان قىسمىدىمۇ ئۆزئارا زىچ بىرىككەن ھالدا داۋاملىشىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، مۇقامنىڭ داستان قىسمىدىكى ملودىيىلىك قۇرۇلما چوڭ نەغمىدىكى تۈپ ملودىيىنىڭ داۋامى ۋە تەرەققىياتىدۇر. داستان قىسمىدىكى كۈيلەر قەھرىمانلىق، ئىنسانپەرۋەرلىك، ئىشق-مۇھەببەت، ئەخلاق-پەزىلەت، مەرىپەت ئىپادىلىنىدىغان قىسسە ياكى ۋەقەلىك شېئىرلارغا ئۇيغۇن بولۇپ، ئادەتتە ئۈچتىن-بەشكىچە داستان ئىپتىلىدۇ. ئايرىم ئاھاڭلىرى كلاسسىكلارنىڭ غەزەللىرىگىمۇ باغلانغان. ھەربىر ئاھاڭ ئارىلىقىدا مەرغۇللار بولىدۇ. مۇقامنىڭ ئىككىنچى قىسمىنى ئېپىكىلىق قىسىم دېيىشمۇ بولىدۇ. ئاندىن، شوخ، قىزغىن، ئەركىن، ئىخچام ناخشا-ئۇسۇل كۈيلىرىدىن تەركىب تاپقان ئۈچىنچى سوتۇق—مەشرەپ قىسمى باشلىنىدۇ. مۇقامنىڭ بۇ قىسمى خەلق ئارىسىغا ناھايىتى كەڭ تارقالغان دراماتىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە قىسىم ھېسابلىنىدۇ. ئۇيغۇرلاردا ئومۇملاشقان مەشرەپ-بەزمەلەردە، مۇقاملارنىڭ مەلۇم كۈيلەر سىكلى ”سەنەم“ نامى بىلەن كەڭ كۆلەمدە ئىجرا قىلىناتتى، بۇنداق ”سەنەم“لەر يەرلىك ئالاھىدىلىكلەر بىلەن تۇسلەنگەنلىكى ئۈچۈن، ”قەشقەر سەنىمى“، ”كۇچا سەنىمى“، ”كورلا سەنىمى“، ”ئىلى سەنىمى“، ”قومۇل سەنىمى“دېگەن خاس ناملار بىلەن ئاتالغاندى.

ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى مىللىي ۋە ئۆزىگە خاس ملودى-



中央民族大学图书馆

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

يىسى، مۇئەييەن سىستېمىلاشقان مۇزىكىلىق قۇرۇلمىسى، كۈيلىرىنىڭ موللىقى ۋە مەزمۇندارلىقى، ئۇرغۇ-تېمپلىرىنىڭ مۇرەككەپلىكى، رېتىملىرىنىڭ ئۆزگىرىشچانلىقى، مۇزىكىلىق ئوبرازلىرىنىڭ خىلمۇخىللىقى قاتارلىق ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن باشقا مىللەتلەرنىڭ كلاسسىك مۇزىكىلىرىدىن ياكى ”مۇقام“لىرىدىن روشەن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. ئون ئىككى مۇقام ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇزۇن يىللىق تارىخى جەريانىدا شەكىللەنگەن پەلسەپىسى، پسىخولوگىيىسى، زېمىنىگە ئۇيغۇن ياشاش ئۇسۇلى، ئۆرپ-ئادەتلىرى ۋە ئەخلاقىي چۈشەنچىلىرى قاتارلىق ماددىي ۋە مەنىۋى ھالەتلىرى بىلەن چەمبەرچەس باغلانغان. شۇڭا، ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى مېلودىيە، تۇس، پۇراق، ئۇرغۇ، رىتىم جەھەتلىرىدىن مۇئەييەن خاسلىققا ئىگە. مۇقامدا مېلودىيە شۇنداق قاتمۇ-قاتكى، بىرخىل كۈي ۋە بىرخىل ۋەزن ئىچىدە ئانا تون ياكى توپ مېلودىيە غول قىلىنغان ھالدا ھەرخىل تارماق مېلودىيىلەر كېلىپ چىقىدۇ. مېلودىيىدە، يەنە كېلىپ، زەنجىردەك سىجىل تېمىلار ناھايىتى كۆپ، بۇ تېمىلار مۇئەييەن لىنىيىنى بويلاپ، گىرەلەشكەن ھالدا راۋاجلىنىپ، ھەرخىل مۇزىكىلىق ئوبرازلارنى يارىتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇيغۇر مۇقاملىرى تىڭشىغۇچىلاردا ھاياجانلىق ياكى جەڭگىۋارلىق، خوشاللىق ۋە ئۈمىدۋارلىق، جۇشقۇنلۇق ۋە كۆتۈرەڭگۈلۈك، مۇڭلۇق ۋە خىيالچانلىق، مۇھەببەت ياكى نەپرەت تۇيغۇلىرىنى دەرھال پەيدا قىلىدۇ.

ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ مۇزىكىلىق ئىپادىسىدۇر، مۇقاملار ئاجايىپ چوڭقۇر مەنىلىك، باي مەزمۇنلۇق،



中央民族大学图书馆

رەڭمۇرەڭ تۇسلۇك، بەدىئىي پاساھەتلىك، يەڭگىل ھەم ئېيتىشقا ئەپلىك كلاسسىك شېئىرلار (ئاساسەن غەزەللەر)، بېيىت-قوشاقلار بىلەن جانلىنىدۇ. ھەر بىر مۇقامنىڭ ئىككىنچى قىسمى خەلق ئىچىگە كەڭ تارقالغان ئېپىكلىق داستانلار بىلەن تېخىمۇ يارقىن تۇسكە كىرىپ، تىڭشىغۇچىلارغا سيۇژىتلىق پەلسەپۋى ۋە دىداكتىكىلىق تېكىستلەر ئارقىلىق يەنىمۇ تەسىرچان ئېستېتىك ھوزۇر بېغىشلايدۇ. مەشرەپ قىسمىدىكى كۈيلەر كۆپىنچە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئەڭ ئومۇملاشقان بېيىت-قوشاقلار ۋە بۇلارغا ماس كېلىدىغان كلاسسىك شېئىرلار بىلەن ئەۋجىگە كۆتۈرۈلىدۇ-دە، تېڭشىغۇچىلار ئۆزلىرىنى ئۇنتۇغان ھالدا ناخشا-ئۇسۇللار قايىنىمىغا شۇڭغۇيدۇ.

ئون ئىككى مۇقام XVI ئەسىردە رەتلەنگەن چېغىدا، مۇقام كۈيلىرى شۇ زامانغىچە ئۆتكەن كلاسسىكلارنىڭ شېئىرلىرىغا ياكى خەلق داستانلىرىغا باغلانغان بولۇشى تەبىئىي. لېكىن، زاماننىڭ ئۆتۈشى بىلەن، مۇقامچىلارنىڭ خاھىشى، سورۇننىڭ ئېھتىياجى ۋە بەزى تىڭشىغۇچىلارنىڭ چەك قويۇشى بىلەن، تېكىستلەر ئۆزگىرىپ بارغان.

بىزگىچە يېتىپ كەلگەن تېكىستلەر يەنى مۇقام پېشۋاسى — ئون ئىككى مۇقامنى ئۆز بوۋىسىدىن ئۆگەنگەن ئەنئەنە بويىچە زامانىمىزغا يەتكۈزگەن مەشھۇر خەلق سەنئەتكارى تۇردى ئاخۇن باغلىغان تېكىستلەر زامان ۋە سورۇنلارنىڭ تاللىشىدىن ئۆتكەن ئاساسىي مەنبەدۇر. بۇ تېكىستلەرنىڭ مەزمۇنى مۇزىكا مەزمۇنىغا، تېكىستلەرنىڭ قۇرۇلمىسى مۇزىكا قۇرۇلمىسىغا، شېئىرىي ۋەزنلىرى كۈيلەر ۋەزنلىرىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ.



中央民族大学图书馆

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى زامان-زامانلاردىن بۇيان ھەرخىل سىياسىي-ئىجتىمائىي، مەنىۋى داۋالغۇشلاردىن، داۋان-توسۇقلاردىن ئۆتۈپ، ئەل نەغمىچىلەرنىڭ ئۆز جېنىدىن ئارتۇق ساقلىشى ۋە ئاسرىشى بىلەن زامانىمىزغا ئۇلاشتۇرۇلدى. ئون ئىككى مۇقامنىڭ زامانىمىزغا ئۇلىنىشىدا، مۇقام پېشۋاسى تۇردى ئاخۇننىڭ تۆھپىسى ناھايىتى زور. ھېچقانداق نوتىغا قارىماي، ھەربىر مۇقامنى ئۆزىنىڭ تۈپ مېلودىيىسى غول قىلىنغان كۈيلەر سىستېمىسىنى تەرتىپى بويىچە ئىزچىل سۈرەتتە ئازماي-تەزمەي، سوتكىلاپ ئېيتىپ بېرەلىگەن تۇردى ئاخۇن ئاكا ھەقىقەتەن "مۇزىكا قامۇسى" دېگەن ھۆرمەتلىك نامغا لايىق مۇقامشۇناسدۇر؛ جۈملىدىن ئۇنىڭ كەسپداشلىرى قاسىم ئاخۇن، روزى ئاكا قالۇنچى، روزى تەمبۇر قاتارلىق مۇقامچىلارمۇ خەلقىمىزنىڭ سەنئەت پېشۋالىرىدۇر.

خەلق ئىچىدە كەڭ تارقىلىپ كەلگەن مەشرەپ ۋە سەنەملەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، مۇقاملارنىڭ چوڭ نەغمە قىسىملىرى ناھايىتى تار دائىرىدە، ئۇنىلغان ئەل-نەغمىچىلەرنىڭ ئەس-يادىدىلا ساقلىنىپ قالغاچقا، ئۈزۈلۈپ قېلىش ھالىتىگە چۈشۈپ قالغانىدى. ئازادلىق ئون ئىككى مۇقامغىمۇ نىجاتلىق ئېلىپ كەلدى. شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىرى 1950-يىللاردىن باشلاپ 1996-يىلغىچە ئىزچىل غەمخورلۇق قىلىپ ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈش بىلەن ھەر قايسى باسقۇچلاردا ئوخشاشلا كونكرېت كورسەتمىلەر بېرىپ كەلدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئون ئىككى مۇقامنى سىمغا يېزىۋېلىش ۋە نوتىغا ئېلىش ئىشى 1951-يىلدىلا باشلان-



中央民族大学图书馆

غان. تۇردى ئاخۇن، روزى تەمبۇر ۋە ئۇنىڭ كەسپداشلىرىدىن بىرقانچە ئەلنەغمىچى مۇقامچىلار 1951-يىل 7-ئاي، 1954-يىل 8-ئايلاردا ئۈرۈمچىگە تەكلىپ قىلىنىپ، ئون ئىككى مۇقامنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى سىمغا يېزىۋېلىندى. بۇ ئىشتا، ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ بىباھا بايلىق ئىكەنلىكىنى چۈشەنگەن مۇزىكا مۇتەخەسسىسى ۋەن تۇڭشۇ ئەپەندى كۆپ كۈچ سەرپ قىلىپ، ئون ئىككى مۇقامنى تۇنجى قېتىم بەش سىزىقلىق خەلقئارا بەلگىلەر بىلەن نوتىلاشتۇردى. تېكىستلىرىنى يېزىۋېلىشتا ئاتاغلىق شائىرلىرىمىز ئەمگەك سىڭدۈردى. شۇنىڭ بىلەن، ئون ئىككى مۇقام ئۈزۈلۈپ قېلىش گىردابىدىن دەستلەپكى قەدەمدە قۇتقۇزۇپ قېلىندى. ئون ئىككى مۇقامنى قېزىش، رەتلەش خىزمىتى داۋاملىق ئىشلەندى. يەنى مەدەنىيەت-سەنئەت ئورۇنلىرىدىن مەلۇم مۇتەخەسسىسلەر ئاجرىتىلىپ، ئۇلار سىمغا يېزىۋېلىنغان نۇسخىنى ئۆزلەشتۈرۈپ، ئەمەلدە ئىجرا قىلىش ۋە رادىئو ئارقىلىق تارقىتىش ئىشى بىلەن شۇغۇللاندى. بۇ ساھەدە زىكرى ئەلفەتتاھ قاتارلىق بەستىكارلىرىمىز ئۆز قابىلىيىتىنى نامايەن قىلدى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق رادىئو ئىستانسىيىسى زور ماھارەت بىلەن كۈچ چىقاردى. دەرۋەقە 30-يىللاردىن باشلاپ، يېڭىچە تىياتىرچىلىق سەنئىتىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ئارقىسىدا، مۇقام مۇزىكىسى خەلق ئىچىدىكى سورۇندىن تىياتىر سەھنىسىگە چىقتى. 30-يىللاردىن 60-يىللارغىچە، سەھنىلەشتۈرۈلگەن ناخشا-غەزەللەرنىڭ تولىسى مۇقام كۈيلىرىدىن ئىبارەت ئىدى. 60-يىللاردىن كېيىن سىياسىي-ئىجتىمائىي تېمىلاردا يېزىلغان بەزى سەھنە ئەسەرلىرىگە



中央民族大学图书馆

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىرەر مۇقامنىڭ موھىم كۈيلىرى ئاساس قىلىنغان ھالدا باشقا مۇقاملاردىنمۇ ئايرىم كۈيلەر تەتبىق قىلىنىپ قوللىنىلدى. سىياسىي تېمىلاردىكى سەھنە ئەسەرلەر ۋە ناخشىلاردىمۇ مۇقام ئۆزىنىڭ جەزبىدار ۋە تەسىرچان رولىنى جارى قىلدى ھەم ھاياتىي قۇدرىتىنى كۆرسەتتى. پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن ئون ئىككى مۇقامنى قېزىش، رەتلەش، تولۇقلاش ۋە تەتقىق قىلىش جەھەتلەردە ئۈنۈملۈك خىزمەتلەر ئىشلەندى. بولۇپمۇ ئىسلاھات ۋە ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ھەمدە ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى تەڭ ئېلىپ بېرىش فاڭجېن-سىياسەتلىرى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، ئون ئىككى مۇقامنى تەتقىق قىلىش خىزمىتى تېخىمۇ جانلاندى. 1987-يىلى ش ئۇ ئا ر مۇقام تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتى قۇرۇلدى، ئۇنىڭدىن كېيىن ش ئۇ ئا ر مۇقام ئانسامبىلى قۇرۇلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە، مەملىكەت بويىچە ۋە خەلقئارالىق مۇقام ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرى كەينى-كەينىدىن ئۆتكۈزۈلدى. ش ئۇ ئا ر ئون ئىككى مۇقام تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتى بىلەن ش ئۇ ئا ر ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقات جەمئىيىتى بىرلىكتە ئون ئىككى مۇقامنىڭ تېكىستلىرى ئۈستىدە كۆپلىگەن ئىلمىي خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. شۇنىڭ بىلەن مۇقامشۇناسلىق ۋۇجۇدقا كەلدى. ئون ئىككى مۇقام پۈتۈن مەملىكەت دائىرىسىدىن چىقىپ، دۇنياغا يۈزلىنىپ، خەلقئارا سەھنىلەردە جەلبكار سادا ياڭراتتى ۋە تىڭشىغۇچىلارنى ھەيران قالدۇردى.

ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى كۈيلەر ۋە تېكىستلەردىن ئىبارەت



中央民族大学图书馆

ئىككى ساھەگە بۆلۈندۇ. تۇردى ئاخۇن ئاكا باشلىق مۇقامچىلار بىرگە يەتكۈزۈپ بەرگەن كۈيلەر ۋە تېكىستلەر ئون ئىككى مۇقامنى رەتلەش ۋە تولۇقلاش خىزمىتىدە موھىم ئاساس بولدى. بۇ ئاساس بويىچە، ئون ئىككى مۇقامنىڭ كۈي-نەغمىلىرى ۋە تېكىستلىرى بىرقانچە قېتىم رەتلەندى، نەشر قىلىندى ۋە بارغانسىرى مۇكەممەللىشىشكە باشلىدى. ش ئۇ ئا ر ئون ئىككى مۇقام ئىلمىي تەتقىقات جەمئىيىتى بىلەن ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقات جەمئىيىتىدىكى بىر قىسىم مۇتەخەسسىسلەرنىڭ جاپالىق ئىزدىنىشى بىلەن مۇقام كۈيلىرى ۋە تېكىستلىرى ئەسلىگە ۋارىسلىق قىلىش پرىنسىپى ئاساسىدا تولۇقلاندى. شۇ ئارقىلىق مۇقام تەتقىقاتىدا يەنە بىر ئەھمىيەتلىك چوڭ قەدەم تاشلاندى. XVIII ئەسىردە ئۆتكەن خوتەنلىك مۇقامشۇناس، ئالىم ئىسمەتۇللا ئىبنى نېمەتۇللا مۇئجىزى ئۆزىنىڭ «تارىخىي مۇسىقىيۇن» ناملىق ئەسىرىدە: «ئامانىنساخان ئۆزىنىڭ گۈزەل لىرىكىلىرىدىن〈دىۋان نەفسى〉 ناملىق بىر دىۋان تۈزگەن، 〈شۇرۇھۇل قۇلۇپ〉، 〈ئەخلاقۇل جەمىل〉 ناملىق ئەسەرلەرنى يازغان، 〈ئىشرەت ئەڭگىز〉 ناملىق مۇقامنى ئىجاد قىلغان» دېگەن.

ش ئۇ ئا ر ئون ئىككى مۇقام تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتى ۋە ش ئۇ ئا ر ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقات جەمئىيىتىدىكى ئالىم-مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ئەستايىدىل ئىزدىنىشى، جاپالىق ئەمگەك سىڭدۈرۈشى بىلەن بۇ قېتىم ئامانىنساخاننىڭ ئىجادىيىتى بولغان «ئىشرەت ئەڭگىز» (شاتلىق قوزغىغۇچى) ناملىق مۇقام تېپىلدى. بۇ مۇقام 92 مىسرالىق كلاسسىك شېئىر ۋە 20 مىسرالىق



中央民族大学图书馆

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

خەلق قوشاقلىرى بىلەن باغلانغان 11 ئاھاڭنى ئۆزئىچگە ئالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئون ئىككى مۇقام تەركىبىدىكى ھەر بىر مۇقامنىڭ خاتىمىسى بولغان «ئابى چەشمە»لەر ۋە ئون ئىككى مۇقامنىڭ چوڭ نەغمە قىسمىدىكى مۇزىكا بۆلەكلىرىدىن بولغان «مۇستەھزاد»لار تېپىلدى. بۇلار 242 مىسرالىق كلاسسىك شېئىر-لار بىلەن باغلانغان 39 ئاھاڭنى ئۆز ئىچگە ئالىدۇ.

يەنە «راك»، «چەببايات» مۇقاملىرىنىڭ مۇھىم تەركىبى قىسىملىرىدىن بولغان 13 ئاھاڭ تېپىلدى، بۇ ئاھاڭلار ئارقىلىق يۇقىرىقى مۇقاملار تولۇقلاندى.

يېڭىدىن تېپىلغان «ئىشرەت ئەنگىز» مۇقامى ۋە ئون ئىككى مۇقامنىڭ «ئابى چەشمە»، «مۇستەھزاد» قاتارلىق مۇزىكا بۆلەكلە-رى «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى»نىڭ 13-كىتابى سۈپىتىدە بۇ قېتىم نەشر قىلىنغان «ئابى چەشمىلەر ۋە ئىشرەت ئەنگىز» ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلدى.

يۇقىرىقى مۇقام ۋە ئاھاڭلارنىڭ تېپىلىشى مەدەنىي ھاياتىمىز-دىكى خوشاللىنارلىق زور ۋەقە. چۈنكى بۇ ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ تارىختىكى ئۈچىنچى قېتىملىق رەتلىنىشى ۋە تولۇقلىنى-شى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

تولۇقلاپ نەشر قىلىنغان بۇ نۇسخا نوتا، ئۇيغۇرچە ترانسك-رىپسىيىلىك تېكىست، يەشمە، لۇغەت، ئىزاھات، تېكىستلەرنىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسى، ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىغا تېكىستلىرى كىرگەن كلاسسىك شائىرلارنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى، نوتا بەلگى-لىرى توغرىسىدا ئىزاھات، ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ ئاھاڭ



中央民族大学图书馆

كۆرسەتكۈچلىرى قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

«ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى»نىڭ تېكىستلىرى، بۇنىڭدىن ئىلگىرى(1964-، 1983-يىللىرى) تۇردى ئاخۇن ئېيتقان تېكىستلەر بويىچە رەتلىنىپ نەشر قىلىنغانىدى. لېكىن ئۆتمۈشتە خىلمۇخىل ئىجتىمائىي سەۋەبلەر ۋە ئوقۇش-ئورۇنداش جەھەتتىكى سەۋەنلىكلەر تۈپەيلىدىن بەزى تېكىستلەر قىسقارتىۋېتىلگەن ياكى ئۆزگەرتىۋېتىلگەن، بەزىلىرى تەكرارلىنىپ كەتكەن ياكى ئىككى-ئۈچ شائىرنىڭ قەلىمىگە مەنسۇپ بېيىتلاردىن قۇراشتۇرۇلغانىدى. 1993-يىلى، تېكىستلەرنى ئىككىنچى قېتىم رەتلەشتە، بۇ كەمچىلىكلەر مەلۇم دەرىجىدە تۈزىتىلگەن بولسىمۇ، لېكىن يەنىمۇ چوڭقۇرلاپ تەكشۈرۈپ-تەتقىق قىلىش جەريانىدا، بەزى سەۋەنلىكلەر بايقالدى. 1995-يىلى ش ئۇ ئا ر ئون ئىككى مۇقام تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتى بىلەن ش ئۇ ئا ر ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقات جەمئىيىتى 47 نەپەر ئالىم-مۇتەخەسسىسلەردىن تەركىب تاپقان 4 گۇرۇپپا تەشكىللەپ، 11 ماددىلىق ئىلمىي قائىدە-پرىنسىپلارنى بەلگىلەپ، شۇ قائىدە-پرىنسىپلار ئاساسىدا تېكىستلەر ئۈچىنچى قېتىم ئەستايىدىل رەتلەندى. تېكىستلەرنىڭ مەنبەلىرى تەھقىقلەندى. تېكىستلەرنىڭ مەزمۇن ھەم ۋەزنلىرى كۈيلەرنىڭ تېما ھەم ۋەزنلىرىگە ماس بولۇش ئەنئەنىسىگە تولۇق ۋارىسلىق قىلىندى. ئايرىم تېكىستلەردىكى كەم جايلار شۇ تېكىستنىڭ قەدىمكى قول يازمىلىرى ئاساسىدا تولۇقلاندى. تەكرار ئېيتىلغان تېكىستلەر قايسى شائىرنىڭ شېئىرلىرىدىن ئېلىنغان بولسا، شۇ شائىرنىڭ ياكى زامانداش شائىرنىڭ مۇۋاپىق كېلىدىغان باشقا



中央民族大学图书馆

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

شېئىرلىرى بىلەن يەڭگۈشلەندى. كلاسسىك شېئىردىن ئىبلىنغان تېكىستلەردە، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ لىرىكا جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرىنىڭ نەمۇنىلىرىنى نامايەن قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىلدى. بۇ قېتىم رەتلەنگەن تېكىستلەر كلاسسىكلىرىمىزدىن 44 نەپەر شائىرنىڭ قەلىمىگە مەنسۇپ بولۇپ ئاساسەن ئارۇز ۋەزنىنىڭ رەمەل، ھەزەج، رەجەز، مۇتەقارىب، مۇجتەس... قاتارلىق بەھرىلەرنىڭ ھەرخىل ۋەزنلىرىدە يېزىلغان غەزەللەردىن تەركىب تاپتى. مۇقاملارنىڭ داستان قىسمىغا كىرگۈزۈلگەن شېئىرلار ئىلگىرىكى تېكىستلەردە ئاساسەن ئىككىلا داستاننىڭ ئۈزۈندىلىرىدىن ئىبارەت ئىدى. بۇ قېتىمقى رەتلەشتە، خەلق ئىچىگە كەڭ تارقالغان مۇنەۋۋەر داستانلار مەسىلەن، «غېرىب-سەنەم»، «بەھرام-دىلئارام»، «يۇسۇف-ئەھمەد»، «ھۆرلىقا-ھەمراجان»، «سەنەۋبەر»، «فەرھاد-شىرىن»، «شاھزادە نىزامىددىن ۋە مەلىكە رەئنا» قاتارلىقلارنىڭ قول يازمىلىرى ئاساسىدا پارچىلار بېرىلدى. مۇقامنىڭ داستان قىسمىدا 14 داستان پارچىلىرىدىن باشقا، كلاسسىك شائىرلىرىمىزنىڭ قەسىدە ژانىرىغا ياندىشىدىغان غەزەللىرىمۇ قايتا رەتلەندى. خەلق بېيىت-قوشاقلىرىدىن ئىبلىنغان تېكىستلەرنىڭ مەزمۇنى، شەكلى، سېۋژېتلىق باغلىنىشى ۋە مەنتىقىي مۇناسىۋەتلىرى، تارىخىيلىقى ۋە بەدىئىي قىممىتى كۆزدە تۇتۇلدى.

ئون ئىككى مۇقامنى نوتىلاشتۇرۇش خىزمىتى پەيدىنپەي ياخشى ئىشلەندى. مۇزىكا شۇناس ۋەن تۇڭشۇ، تۇردى ئاخۇن باشلىق مۇقامچىلاردىن خاتىرىگە ئالغان ئۇنئالغۇ لىنتىسى بويىچە يېزىپ چىققان تۇنجى نوتىدىن بۇ قېتىم مۇۋاپىق پايدىلىنىپ



中央民族大学图书馆

قايتىدىن نۇتىلاشتۇرۇلدى. نوتىغا ئېلىشتا، ئاھاڭ ئايرىش مېخانىزمىدا تېخىمۇ ئىنچىكىلەپ تەكشۈرۈپ-تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، ھەربىر كۈيىنىڭ ئەسلى ھالىتىنى ئەينەن ئىپادىلەشكە ئەھمىيەت بېرىلدى. قايتا يېزىلغان نۇتا پايتەختتىكى مۇزىكا تەتقىقات ئورۇنلىرىنىڭ، ئاتاقلىق مۇزىكاشۇناسلىرىدىن تەتقىقاتچى خۋاڭ شياڭپېڭ، پروفېسسور تيەن ليەنتاۋ، قاتارلىق مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتكۈزۈلدى.

باشقا مىللەت مۇزىكاشۇناسلىرى ياكى مۇزىكا ھەۋەسكارلىرىنىڭ ئوقۇشى ۋە ئېيتىشىغا ئوڭاي بولۇشى نەزەردە تۇتۇلۇپ، ئومۇمىراق بولغان خەلقئارالىق گرافىك بەلگىلەر بىلەن تېكىستلەرنىڭ ترانسكرىپسىيىسى بېرىلدى. تېكىستلەر خەنزۇچىگە قايتىدىن تەرجىمە قىلىندى.

«ئۇيغۇر ئۆن ئىككى مۇقامى»نىڭ بۇ قېتىمقى نەشرىنى تەييارلاشتا، مۇقامچىلار، ئەدەبىياتشۇناسلاردىن، كومپوزىتورلاردىن كەڭ، تەكرار پىكىر ئېلىندى، قايتا-قايتا تەھلىل-تەھرىردىن ئۆتكۈزۈلدى.

«ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى»نىڭ قولىڭىزدىكى بۇ نۇسخىسى مۇقام پېشۋالىرىنىڭ، مۇقامشۇناسلارنىڭ، مۇقامچىلارنىڭ، كومپوزىتورلارنىڭ، كلاسسىك ئەدەبىياتچىلارنىڭ كۆپ يىللىق جاپالىق ئەجرىنىڭ نەتىجىسى. ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ۋە ئەتراپلىق تەتقىق قىلىپ، يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈش، باشقا مىللەتلەرنىڭ مۇقاملىرى بىلەن سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىش، مۇقام نەزەرىيىسىنى بەرپا قىلىش، ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ تۈرلۈك



中央民族大学图书馆

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ۋاستىلىرى ۋە ھەرخىل ژانىرلىرىدىن پايدىلىنىپ ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنى ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ئۈنۈملۈك خىزمەت قىلدۇرۇش جەھەتلىرىدە، بۇ نۇسخا دەستۇر بولۇپ قالغۇسى.

ئىككى يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە ئىككى جەمئىيەتتىكى ئالىم-مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تىرىشچانلىقى، جاپالىق ئىزدىنىشى، زور كۈچ چىقىرىشى ئارقىلىق ئون ئىككى مۇقام نوتىلىرى ۋە تېكىستلىرى ئەسلىگە ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا تولۇقلاندى. نوتا ۋە تېكىستلەردە ئۇزاقتىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان بەزى نۇقسانلار تۈزىتىلدى، شۇنداقتىمۇ بۇ نۇسخىدا يەنە ئايرىم يېتەرسىزلىكلەر ساقلانغان بولۇشى مۇمكىن. كەسپداشلارنىڭ كېيىنكى ئىلمىي تەتقىقات خىزمىتى جەريانىدا تۈزىتىپ كېتىشىنى سەمىمىي ئۈمىد قىلىمەن.

**تۆمۈر داۋامەت**

1996-يىل ئۆكتەبىر



中央民族大学图书馆





中央民族大学图书馆

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئومۇمىي مۇندەرىجە

كىرىش سۆز ........................................ 1
ترانسكرىپسىيىلىك تېكىستلەر ................................ 3
يەشمىلەر .............................................. 55
لۇغەت ................................................ 79
ئىزاھاتلار ............................................ 101
كلاسسىك شائىرلارنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى .............. 129
«ئون ئىككى مۇقام» نوتىسىدا قوللىنىلغان شەرتلىك بەلگىلەر
ھەققىدە ئىزاھات .................................... 143
ئاھاڭ كۆرسەتكۈچ .................................. 145



中央民族大学图书馆

# ترانسكرىپسىيىلىك
# تېكستلەر



中央民族大学图书馆

www.uyghurkitap.com





中央民族大学图书馆

# مۇندەرىجە

## چوڭ نەغمە

**مۇقەددىمە**
سىتارىم تارىغە ........................ مەشرەب (7)
**بىرىنچى تەئەززە**
ئەشرەقەت مىن ........................ نەۋائى (9)
**بىرىنچى تەئەززە چۇشۇرگىسى**
تەشنەلەب ئۇلمە، نەۋائى .................... " (10)
**ئىككىنچى تەئەززە (بىرىنچى ئاھاڭ)**
ساقىيا، مەن يۇتماغان .................. نەۋائى (11)
**ئىككىنچى ئاھاڭ**
ھالۇ ئەھۋال ئۆزگەچە .................. سادىقى (13)
**ئىككىنچى تەئەززە چۇشۇرگىسى**
پىرى شەش ھال ئۆزگەچە .................. " (13)
**بىرىنچى نۇسخە**
چەككەندە نەققاشى قەزا .................. نەۋائى (15)
**بىرىنچى نۇسخە چۇشۇرگىسى**
بولغىل نەۋائى روبەرەھ .................. " (16)



中央民族大学图书馆

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

**ئىككىنچى نۇسخە**
كۆرمەدىم سەندەك جەھاندا ............ **قەلەندەر** (17)
**مۇستەھزاد**
يۇقتۇر بۇ جەھان ئىچرە ............... **مەھزۇن** (19)
**مۇستەھزاد چۇشۇرگىسى**
كۆز سالما ئەرۇسى دۇن .................... ″ (20)
**جۇلا**
شوخ ئىككى غەزالىڭنى .................. **نەۋائى** (21)
**سەنەم**
ئارەز قۇياشىن ئاچىپ ....................... ″ (22)
**چوڭ سەلىقە**
سېنىڭ جانىڭ، مېنىڭ جانىم ... **خەلق قوشقى** (23)
**بىرىنچى كىچىك سەلىقە (بىرىنچى ئاھاڭ)**
يەنە نې چېھرەغە ئوت سالدى ......... **نەۋائى** (25)
**ئىككىنچى ئاھاڭ**
ھەيھاتكىم، بىرمۇغەمدىن ............... **نەۋائى** (26)
**ئۈچىنچى ئاھاڭ**
ئاق ئالما، قىزىل ئالما ............ **خەلق قوشقى** (28)
**تۆتىنچى ئاھاڭ**
ئايماغىل سىررىڭنى سەن............... **ھۇۋەيدا** (28)
**بىرىنچى كىچىك سەلىقە چۇشۇرگىسى**
ئەقل ئېتتى، ھوش كەتتى ............ (نەۋائى) (29)
**ئىككىنچى كىچىك سەلىقە**
كېچە كەلگۇمدۇر دىبان................. **نەۋائى** (30)



中央民族大学图书馆

پىشرەۋ (بىرىنچى ئاھاڭ)
ئىشقىڭ ئوتىغە ...................... مەشرەب (32)
ئىككىنچى ئاھاڭ
ئەيلەدىڭ، يا رەب، ...................... ئايازى (33)
پىشرەۋ چۇشۇرگىسى
ساقى، قەدەھنى ...................... (مەشرەب) (35)
تەئكىد (بىرىنچى ئاھاڭ)
ئەي سەبا، يەتكۈر ...................... مەشھۇرى (36)
ئىككىنچى ئاھاڭ
خەزان ئەتتىم ...................... ھۇۋەيدا (37)

# داستان

بىرىنچى داستان
ھەركىشىنىڭ دەردى بولسا ............ مەشرەب (39)
ئىككىنچى داستان
مۇندىن كېتەر بولساڭ ... «غەرىب-سەنەم»دىن (41)
ئۈچىنچى داستان
يۇرت قەدرىنى ............ «غەرىب-سەنەم»دىن (43)
تۆتىنچى داستان
ئەي يارانلار ............ «غەرىب-سەنەم»دىن (45)
بەشىنچى داستان
زۇلمۇڭ بىلەن ............ «بەھرام-دىلئارام»دىن (46)



中央民族大学图书馆

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# مەشرەب

**بىرىنچى مەشرەب**

ئەي پەرى يۈزلۈك بېگىم .............. **لۇتفى** (48)

**ئىككىنچى مەشرەب**

تاكىيدى قىزىل ......................... **مەشرەب** (50)





中央民族大学图书馆

# چوڭ نەغمە

## مۇقەددىمە

سىتارىم تارىغە جان رىشتەسىدىن تار ئېشىپ سالسام،
ئانىڭكىم نالەسىدىن بىنەۋانىڭ كۆڭلىنى ئالسام.

مەقام ئالىپ مەقام ئىچرە مەقامنى دىلغە جا قىلسام،
مۇھەببەت كويىغە سالسە ئانىڭ ئالدىدا مەن چالسام.

مەقاملارنىڭ ئاتاسىنى ھۇسەيىنىيۇ، ئەجەم دەرلەر،
بۇلاردىن يۇقارىكىم پەردەئى باياتىنى چالسام.

بەيادى ھەق تەئالا يادىدا چالسام پەيا-پەيكىم،
كۆڭۈللەر بىنەۋا بولغانىنى بىلسەم نەۋا چالسام.

ئارالاپ چالسام ئۇششاقنى، غەزەلنى راكغە يەتكۈزسەم،



中央民族大学图书馆

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

شەبىستانۇ سەھەرلەردە مۇشاۋرەك، پەنجگاھ چالسام.

ئىراقۇ چەبباياتى، ئۆزھالدا فەيزىكىم يېتەر بولسا،
تىلەپ خۇرشىدى ۋەسلىن سۇبھى دەمدە چارىگاھ چالسام.

يېتىپ ۋەسلىگە ھىممەتىنىڭ جۇدالىق تاغىدىن ئۆتسەم،
ئىچىپ ۋەسلىنىڭ شەرابىدىن قىلىپ تەككەش سىگاھ چالسام.

كەل، ئەي مەشرەب، قەدەھ سۇنغىل بولايىن مەستۇ مۇستەغرەق،
بىر ئىلگە كاسەئى تەنبۇر، بىرىگە جامى مەي ئالسام.❶

— مەشرەب.

## ۋەزىن ئايرىمىسى

### بەھرى ھەزەجى مۇسەممەنى سالىم

### مەفائىيلۇن مەفائىيلۇن مەفائىيلۇن مەفائىيلۇن

❶ 1) «شاھ مەشرەب»، ش ئۇ ئا ر قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان №154 XGQ نومۇرلۇق قول يازما، 197—198-بەتلەر.
2) «شاھ مەشرەب»، چاپ نۇسخا.
3) «ئون ئىككى مۇقام تېكىستلىرى»، 1964-يىلى رەتلەنگەن نۇسخا، 284-بەت.
4) «مېھرىبانىم قايداسەن» 1990-يىل تاشكەنت نەشرى، 75-بەت.
5) «ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كلاسسىك مۇزىكىسى ‹راك› مۇقامى»، ش ئۇ ئا ر ئوپېرا ئۆمىكى مۇقام گۇرۇپپىسى، 1991-يىلى تۈزگەن نۇسخا.



中央民族大学图书馆

# بىرىنچى غەزەل

ئەشرەقەت مىن ئەكسى شەمسىل-كەئىسى ئەنۋارۇل-ھۇدا،
يار ئەكسىن مەيدە كۆر، دەپ جامدىن چىقتى سەدا.

غەير نەقشىدىن كۆڭۈل جامىدە بولسە زەڭگى غەم،
يوقتۇر، ئەي ساقى، مەيى ۋەھدەت مەسەللىك غەمزۇدا.

ئەي، خۇش ئول مەيكىم، ئاڭا زەرف ئولسە بىر سىنغان سەفال،
جام ئولۇر گىيتىنەما جەمشىد، ئانى ئىچكەن گەدا.

جامى مەي گەر ئۈيلەدۇر ئول جام ئۈچۈن قىلماق بولۇر،
يۈز جەھان ھەر دەم نىسار، ئول مەي ئۈچۈن مىڭ جان فىدا.

دەير ئارا ھۇش ئەھلى رەسۋا بولغالى، ئەي مۇغبەچە،
جامى مەي تۇتساڭ مەنى دىۋانەدىن قىل ئىبتىدا.

تاكى ئول مەيدىن كۆڭۈل جامىدا بولغاچ جىلۋەگەر،
چېھرەئى مەقسۇدى مەھۋ ئولغاي ھەم ئول دەم مائەدا.



中央民族大学图书馆

ۋەھدەتى بولغاي مۇيەسسەر مەي بىلە جام ئىچرەكىم،
جامۇ مەي لەفزىن دېگەن بىر ئىسم ئىلە قىلغاي ئەدا.

سەن گۇمان قىلغاندىن ئۆزگە جامۇ مەي مەۋجۇد ئېرۇر،
بىلمەيىن نەفي ئەتمە بۇ مەيخانە ئەھلىن، زاھىدا.

## بىرىنچى تەئەززە چۈشۈرگىسى

تەشنەلەب ئۇلمە نەۋائى، چۈن ئەزەل ساقىسىدىن
«ئىشرەبۇ يا ئەييۇھەل-ئەتشان» كېلۇر ھەر دەم ندا.❶

— نەۋائى.

## ۋەزن ئايرىمىسى

بەھرى رەمەلى مۇسەممەنى مەھزۇف
فائىلاتۇن فائىلاتۇن فائىلاتۇن فائىلۇن
—ᵕ— ——ᵕ— ——ᵕ— ——ᵕ—

❶ نەۋائى. بىرىنچى دىۋان — «غەرايىبۇس-سىغەر»، قول يازما نۇسخا، 49 -بەت.



中央民族大学图书馆

# ئىككىنچى تەزە

## بىرىنچى ئاھاڭ

ساقىيا، مەن يۇتماغان خۇنابى ھىجران قالدىمۇ؟
بەرمەسەڭ مەي ئەمدى قان يۇتماقغە ئىمكان قالدىمۇ؟

ئەيكى، دەرسەن ئىستەسەڭ ۋەسلىمنى جان قىلغىل فىدا،
مۇنى سور ئەۋۋەلكى، ھەجرىڭدىن ماڭا جان قالدىمۇ؟

ئىشق مەخفى قالماس ئاخىر، ئەي كۆڭۈل، كۆپ چەكمە جان،
مەن ھەم ئەۋۋەل كۆپ ياشۇردۇم، كۆركى، پىنھان قالدىمۇ؟

چەكتىلەر مەجرۇھ كۆڭلۈمدىن خەدەڭگىن كۈچ بىلە،
بارى، ئەي جان، مۇژدەئى بەرگىلكى، پەيكان قالدىمۇ؟

كۆرگەچ ئول ئايىنى جۇنۇندىنكىم يىقىلدىم، ئەي رەفىق،
تەگرى ئۈچۈن ئايتكىم ھالىمغە ھەيران قالدىمۇ؟



中央民族大学图书馆

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئەي كۆكۈل، بۇ گۈلشەن ئەتراپىغە باقكىم، غۇنچەئى،
كىم كۆكۈل جەمئ ئەيلەدى، بولماي پەرىشان قالدىمۇ؟

ئەي نەۋائى، قاچماغىل ھەمدەملىغىمدىن، كۆركى، يار
گەر ساڭا مىھرىن كەم ئەتتى، بىزگە يەكسان قالدىمۇ؟❶

— نەۋائى.

## ۋەزىن ئارىيىسى

بەھرى رەمەلى مۇسەممەنى مەھزۇف

فائىـلاتۇن فائىـلاتۇن فائىـلاتۇن فائىلۇن

—ᵕ—  ——ᵕ—  ——ᵕ—  ——ᵕ—



❶ «غەزەللەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1982-يىل نەشرى، 525—526-بەتلەر.



中央民族大学图书馆

## ئۆزگىچە ئاھاڭ

هالۇ ئەھۋال ئۆزگەچە، ئەۋزائى ئەتۋار ئۆزگەچە،
گۇفتۇ گۇفتار ئۆزگەچە، ئەفئالۇ كىردار ئۆزگەچە.

خادەمى خەيلى ھەشەمنىڭ كارۇ بارى ئۆزگەچە،
تابئى مەتبۇئىلارغە رويى دىيدار ئۆزگەچە.

پىرۇ مۇخلىس ئۆزگەچە، ئۇستادۇ شاگىرد ئۆزگەچە،
ئاشىقانە تالىبۇ مەھبۇبى دىلدار ئۆزگەچە.

مەسنەدى ئىرشاد تەختۇ سەلتەنەت جار ئۆزگەچە،
ھەم ئىرادەت ھەم ئىنابەت ۋىردى ئەزكار ئۆزگەچە.

پىرى شەش ھال ئۆزگەچە، ھالى مۇلاقات ئۆزگەچە،
ئىلتىفاتى خەيرباد سادىقىغە يار ئۆزگەچە.

## ئۆزگىچە تەئزە چۈشۈرگىسى

پىرى شەش ھال ئۆزگەچە، ھالى مۇلاقات ئۆزگەچە،
ئىلتىفاتى خەيرباد سادىقىغە يار ئۆزگەچە.❶

—— سادىقى.

❶ «باياز» (1)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995-يىل نەشرى، 197-بەت.



中央民族大学图书馆

## ۋەزىن ئايرىمىسى

بەھرى رەمەلى مۇسەممەنى مەھزۇف

فائىلاتۇن فائىلاتۇن فائىلاتۇن فائىلۇن

—⌣— ——⌣— ——⌣— ——⌣—





中央民族大学图书馆

## برنچی نوسخه

چەككەندە نەققاشى قەزا ئۇل سەرۋى گۇلرۇخ سۇرەتىن،
گويا بېگەنمەي تاشلامىش تەرھ ئەيلەپ ئانىڭ ھەيئەتىن.

تا جىلۋە قىلدى ئۇل سەنەم، لەيلى سۆزى بولدى ئەدەم،
سەۋدام ئۇتى چەككەچ ئەلەم، پەست ئەتتى مەجنۇن شۇھرەتىن.

رۇخسار ئاچىپ ئۇل سىيمبەر، قامەتنى ئەيلەپ جىلۋەگەر،
ئۆزدىيۇ، كەتتى سەر-بەسەر، گۇل رەغبەتىن، سەرۋ ئۇلفەتىن.

كۆڭلۈم يۈزۈڭ بىچارەسى، جانىم لەبىڭ خۇنخارەسى،
سور، ئەي جەھان ئەييارەسى، گاھى ئالارنىڭ ھالەتىن.

تەقۋا ئەۋى ھەمۋار ئېرۇر، سۇبھەم ئېپى زۇننار ئېرۇر،
ئۇل كۇلبەئى خەممار ئېرۇر، تا كۆردۈم ئۇل چىن لۇئبەتىن.

جەننەتغە قىلماسمەن نۇزۇل، ئۇل كوي ئارا تاپسام ۋۇسۇل،
دەۋزەخنى ئەيلەرمەن قەبۇل، ئەمما يوق ئانىڭ فۇرقەتىن.



中央民族大学图书馆

ئەيــلەپ ســەلاسىل ئارزۇ، ئارتار جۇنۇنۇم مۇــبەمۇ،
ناگاھ نەسمى مۇشــكبۇ يەتــكۈرسە زۇلمۇڭ نەكهەتىن.

ئىش سىررىن، ئايا، كىم بىلۇر، كىمدىن بۇ مۇشكىل ئاچىلۇر،
ۋەھكىم، بۇ غەم مۇھلىك قىلۇر، ھەرلەھزە كۆڭلۇم ھەيرەتىن.

## بىرىنچى نۇسخە چۈشۈرگىسى

بولغىل نەۋائى رو بەرەھ، قىلغىل فەنا كوىىن پەنەھ،
تەرك ئەيلە زۇھدۇ خانەقەھ، قىل دەير پىرى خىزمەتىن.❶

— نەۋائى.

## ۋەزىن ئايرىمىسى

بەھرى رەجەزى مۇسەممەنى سالىم

مۇستەفئىلۇن مۇستەفئىلۇن مۇستەفئىلۇن مۇستەفئىلۇن

---

❶ 1) بىرىنچى دىۋان — «غەرايىبۇس-سىغەر»، قول يازما نۇسخا.
2) «غەزەللەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1982-يىل نەشرى، 147—146-بەتلەر.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

中央民族大学图书馆

# ئىككىنچى نۇسخە

كۆرمەدىم سەندەك جەھاندا مەھۋەشى دىلدارنى،
دىلبەرى شىرىن زەبانۇ شوخ گۈلرۇخسارنى.

بىر سىنىڭدەك يوقتۇرۇر دۇنيادە ئىززەت تەختىدە،
ھەم مىنىڭدەك كىم كۆرۈپدۇر ساھىبى ئازارنى.

مەن ياماندىن قاچسە كىم، ئول خالىقى پەرۋەردىگار،
گۈلغە قىلدى ھەمنىشىن گۈلشەن ئىچىندە خارنى.

ئەي پەرىزادى زەمانىم، يوٗقدۇرۇر قەدرىڭ سىنىڭ،
تاجى سەر قىلسام ياراشۇر ساڭا ئوخشە يارنى.

تا قاچانغە سەن قىلۇرسەن نازۇ ئىستىغنا ماڭا،
بىرگىنە سۆزلەت قولۇڭغە لەئلى شەككەر بارنى.

گەر مۇسۇلمانزادە بولساڭ قىل قەلەندەرغە كەرەم،
جەۋرۇ زۇلمۇڭ بىرلە سەن ئۆلتۈرمەگىل بۇ زارنى.



中央民族大学图书馆

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئاشىق ئېرسەڭ، ئەي قەلەندەر، كېچە-كۈندۈز دەرد ئىلە،
بۇلبۇل ئوخشە قىل ئوشۇل گۈل ۋەسفىغە گۇفتارنى.❶

— قەلەندەر.

## ۋەزىن ئايرىمىسى

بەھرى رەمەلى مۇسەممەنى مەقسۇر

فائىلاتۇن فائىلاتۇن فائىلاتۇن فائىلان

~ — — —v— — —v— — —v—

❶ «دىۋانى قەلەندەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995-يىل نەشرى، 209-بەت.



中央民族大学图书馆

# مۇستەھزاد

يوقتۇر بۇ جەھان ئىچرە بىر مەن كەبى ئەۋۋارە،
ھەم بىسەرۇ سامانمەن ھەم ئاجىزۇ بىچارە.

غەم خەيلى ئاياغىدا جىسمىم چۇ غۇبار ئولدى،
تۇفانى بەلا قىلدى تۇفراغ بىلە ھەمۋارە.

باشىمغە بەلا تاشى ياغدۇردى سىپىھر ئانچە،
ھەربىر ساچىم ئورنىدا يۈز يارە ئۆزە يارە.

تەئسىرى جۇنۇنۇمدىن ۋەھم ئەيلەبان، ئەي ئەھباب،
ھالىمنى سوراڭ، لېكىن قىلماڭ ماڭا نەززارە.

ئالەم ئارا بىدادى بىر زەررە ئەمەس خالى،
ھەرقانچە جەفا بولسە قىلمىش ماڭا ھەر بارە.

كۆڭلۈمگە شىكەست بەردى نا ئەھلىنىڭ ئازارى،
بۇ شىشەئى نازۇكنى سىندۇردى ئوشۇل خارە.



中央民族大学图书馆

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## مۇستەھزادچۇشۇرگىسى

كۆز سالما ئەرۇسى دۇن رۇخسارىغە، ئەي مەھزۇن،
ھەر كۈن نەچە سەندەكنى ئازغۇردى بۇ مەككارە.❶

— مەھزۇن.

## ۋەزىن ئايرىمىسى

بەھرى ھەزەجى مۇسەممەنى ئەخرەب
مەفئۇلۇ مەفائىيلۇن مەفئۇلۇ مەفائىيلۇن
— — —ᵕ ᵕ— — — — —ᵕ ᵕ— —

❶ «دىۋانى مەھزۇن»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995-يىل نەشرى، 93-بەت.



中央民族大学图书馆

# جولا

شوخ ئىككى غەزالىڭنى ناز ئۇيقۇسىدىن ئويغات،
تا ئۇيقۇلارى كەتسۇن، گۈلزار ئىچىدە ئويىنات.

تىشلەپكى، ساچىڭ ئۆردۈك، ئاچقاندا پەرىشان قىل،
ئافاق سەۋادىندا جان رايىھەسىن بۇترات.

كۇلبەمغە خۇي ئەفشان كەل، زۇلفۇڭ قىلىپ ئاشفتە،
ئەنجۇم سىپەھىن سىندۇر، ئافاق ئۇلۇسىن قوزغات.





中央民族大学图书馆

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# سەنەم

ئارەز قۇياشىن ئاچىپ، ئەشكى قۇرىغان كۆزنى
كۆپ ھەجرىدە يىغلاتتىڭ، بىر ۋەسلىدە ھەم يىغلات.

بىر ئاھ ئىلە كۇل بولدۇم، ئەي چەرخ، تىلەپ تاپىپ،
فەرھاد ئىلە مەجنۇنغە ئاشىقلىق ئىشىن ئۆرگات.

خارا تۈبىدە ياتقۇڭ، يوق سۇد ئەگەر يۈز يىل
كۆك ئەتلەسى ئۈستىدە جىسمىڭنى ياتىپ ئاغنات.

بەزم ئىچرە، نەۋائى، كۆپ يىغلار ئىسە، ئەي ساقى،
ھۇش ئىلتكۈچى دارۇنى جامىغە ئانىڭ چايقات.❶

— نەۋائى.

## ۋەزنى ئايرىمىسى

بەھرى ھەزەجى مۇسەممەنى ئەخرەب

مەفئۇلو مەفائىيلۇن مەفئۇلو مەفائىيلۇن

— — — ᵕ ᵕ — — — — — — ᵕ ᵕ — —

❶ ئىككىنچى دىۋان — «نەۋادىرۇش-شەباب»، قول يازما نۇسخا، 343-بەت.



中央民族大学图书馆

# چوك سەلقە

سېنىڭ جانىڭ، مېنىڭ جانىم
بىر جان ئەمەسمۇ؟
سېنىڭ ئۈچۈن مېنىڭ جانىم
قۇربان ئەمەسمۇ؟

سېنى دېدىم، سېنى دېدىم،
كەچتىم بۇ جاندىن.
يۈرەك-باغرىم پارە-پارە،
كۆز ياشىم ئاندىن.

* *

يارنىڭ يۈلـكى يـاردىن،
يارى بولمـسا قـايدىن.
غۇنچە بويـلىرى زىلـۋا،
شېرىن سۆزلىرى ئانــدىن.



中央民族大学图书馆

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

يارىمنىڭ بويى زىلۋا،
زىلۋا بويىدا گۈل بار.
شېرىن سۆزلىرى تاتلىق،
ئايدەك يۈزىدە خال بار.

ئايغا ئوخشتاي يارىم،
كۈنگە ئوخشتاي يارىم.
سېنىڭ زىلۋا بويۇڭنى،
كىمگە ئوخشتاي يارىم.❶

— خەلق قوشاقلىرىدىن.



❶ «ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى»، 3-جىلد، 148—149-بەتلەر.



中央民族大学图书馆

# بىرىنچى كىچىك سەلقە

## بىرىنچى ئاھاڭ

يەنە نې چېھرەغە ئوت سالدى مەيكى، ھەيرانمەن،
يەنە نې چېھرەنى يەل ئاچتىكىم، پەرىشانمەن.

ئۇچۇركى، ئەي قۇيۇن، ئول ئاي باشىغە ئەۋرۆلەمەن،
بۇ دەمكى يولىدا تۇپراغ بىرلە يەكسانمەن.

بىرى فۇسۇنۇ بىرى سىيمىياغە ھەمل ئېتەر ئەل،
چۇ زەئفدىن كېلىپ ئۇن كۆزلەرىگە پىنھانمەن.

ۋۇھۇش ئارا مېنى دەشت ئىچرە كۆردى چۇن مەجنۇن،
تەسەۋۋۇر ئەتتىكىم ئول خەيلغە نىگەھبانمەن.

چۇ خەلقدىن قاچىبان دەير سارى يۈزلەندىم،
رەفىقلەر، بىلىڭىز ۋەھشىئى بەيابانمەن.



中央民族大学图书馆

www.uyghurkitap.com

چۇ بىلمەي ئەلگە ۋەفا ئەيلەدىم، جەفا كۆردۇم،
نەسۇد ئەمدى ئەگەر نېچەكىم پۇشەيمانمەن.

نەۋائى، ئەمدى قىلۇرمەن ھىجاز ئاھەڭگى،
ساغىنماغىل ياناكىم ئازىمى خۇراسانمەن.❶

—— نەۋائى.

## ۋەزىن ئايرىمىسى

بەھرى مۇجتەسسى مۇسەممەنى مەخبۇنى مەقتۇئ

مەفائىلۇن فەئىلاتۇن مەفائىلۇن فەئىلۇن

— — —⏑—⏑ ——⏑⏑ —⏑—⏑

## ئىككىنچى ئاھاڭ

ھەيھاتــكىم، بىرەۋ غەمىــدىن زار مەن يەنە،
فەريادكـــىم، بەلاغە گىرىفــتار مەن يەنە.

ئەي مۇددەئىكى، ئارىم ئىدى تەئنۇ سۆكمەكىڭ،
فارىغ دېگۈلكى، ھەر نە دېسەڭ، بار مەن يەنە.

❶ بىرىنچى دىۋان —— «غەرايىبۇس-سىغەر»، قول يازما نۇسخا، 210-بەت.



中央民族大学图书馆

دەفئ ئىرمىش ئىردى نۇش لەبىڭدىن مەلالەتىم،
لۇتق ئەيلە، ئەي تەبىبكى، بىمار مەن يەنە.

ھەر كېچە بىر قۇياش غەمىدىن، غۇسسە تاشىدىن،
باشتىن ئاياق سىپىھردەك ئەفگار مەنە يەنە.

سوفىيى ئەقل سەۋمەئەسىن، شۇكرىكىم، بۇزۇپ،
دارۇل-فەنايى ئىشقىدا خەممارمەن يەنە.

ئاغزىم قۇرۇپ، دەمىم تۇتۇلۇپ، سەكرەسەم نې تاڭ
كىم تەلبە چابۇكۇمغە جىلاۋدارمەن يەنە.❶

— نەۋائى.

## ۋەزىن ئايرىمىسى

بەھرى مۇزارىئى مۇسەممەنى ئەخرەب مەكفۇفى مەھزۇف

مەفئۇلۇ فائىلاتۇ مەفائىلۇ فائىلۇن

—⏑— ⏑——⏑ ⏑—⏑— ⏑——

❶ ئىككىنچى دىۋان — «نەۋادىرۇش-شەباب»، قول يازما نۇسخا، 504-بەت.



中央民族大学图书馆

## ئۈچىنچى ئاھاڭ

ئاق ئالما، قىزىل ئالما،
ئالمامغا نەزەر سالما.
مەن ئەمدى كېتەر بولدۇم،
سەن مەندىن خاپا بولما.

ئالتۇندىن چىلىم بولسا،
مەرۋايىت كۆزى بولسا.
بىر چەكسەم تاماكاڭنى،
ئىشق ئوتى ئادا بولسا.

— خەلق قوشاقلىرىدىن.

## تۆتىنچى ئاھاڭ

ئايماغىل سىررىڭنى سەن ھەركىمگە، سىرداش ئۆزگەدۇر،
دەردى يوق بىدەردغە مۇڭ ئايما، مۇڭداش ئۆزگەدۇر.

ھەمرەھى قابىل بىلە يۈر بىر غەرىبچىلىق بولسە يول،
يۈرمەگىل ناجىنس بىرلە، يولدا يولداش ئۆزگەدۇر.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com
中央民族大学图书馆

قولدا مالىڭ باردا يارۇ بەرادەر خېيش كۆپ،
ئارى، باش ياستۇققا يەتكەندە قارىنداش ئۆزگەدۇر.

بارچە يىغلار «ئاھ» دەپ، دەردىڭ كىشىدۇر بەلگۈلۈك،
دىل كۆيۈپ كۆزدىن تۆكۈلگەن دەردىڭ ياش ئۆزگەدۇر.

ئەي ھۇۋەيدا، بەرمە دىل، ھەر بىۋەفانى يار دەپ،
ئىككى ئالەم باۋەفا يارى قارا قاش ئۆزگەدۇر.❶

— **ھۇۋەيدا.**

## ۋەزىن ئايرىمىسى

بەھرى رەمەلى مۇسەممەنى مەھزۇف

فائىلاتۇن فائىلاتۇن فائىلاتۇن فائىلۇن

—ᵕ— — ——ᵕ— — ——ᵕ— — ——ᵕ—

## بىرىنچى كىچىك سەلقە چۈشۈرگىسى

ئەقل ئىتتى، ھۇش كەتتى، كۆڭۈل كۆيدى، چىقتى جان،
شۇكر ئەت، نەۋائىيكى، سەبۇكبارمەن يەنە.

**(نەۋائى)**

---

❶ «بۇلاق» ژۇرنىلى، 1989-يىل 1-سان، 97-بەت.



中央民族大学图书馆

# ئەللىكىنچى كىچىك سەلقە

كېچە كەلگۈمدۇر دەبان ئۇل سەرۇ گۈلرو كەلمەدى،
كۆزلەرىمغە كېچە تاڭ ئاتقۇنچە ئۇيقۇ كەلمەدى.

لەھزە-لەھزە چىقتىمۇ چەكتىم يولىدا ئىنتىزار،
كەلدى جان ئاغزىمغەۋۇ ئۇل شوخ بەدخۇ كەلمەدى.

ئارەزىدەك ئايدىن ئىركەندە گەر ئەتتى ئىھتىيات،
روزگارىمدەك ھەم ئۇلغاندا قاراڭغۇ كەلمەدى.

ئۇل پەرىۋەش ھەجرىدىنكىم يىغلادىم دىۋانەۋار،
كىمسە بارمۇكىم ئاڭا كۆرگەندە كۈلكۇ كەلمەدى.

كۆزلەرىڭدىن نەچچە سۇ كەلگەي دەپ ئۆلتۇرمەڭ مىنى،
كىم بارى قان ئىردى كەلگەن، بۇ كېچە سۇ كەلمەدى.

تالىبى سادىق تاپىلماس، يوقسەكىم قويدى قەدەم،
يولغەكىم ئەۋۋەل قەدەم مەئشۇقى ئۇترو كەلمەدى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com
中央民族大学图书馆

ئەي نەۋائى، بادە بىرلە خۇررەم ئەت كۆڭلۈڭ ئۆيىن،
نې ئۈچۈنكىم، بادە كەلگەن ئۆيگە قايغۇ كەلمەدى.❶

— نەۋائى.

## ۋەزىن ئايرىمىسى

بەھرى رەمەلى مۇسەممەنى مەھزۇف

فائىـلاتۇن فائىـلاتۇن فائىـلاتۇن فائىلۇن

—v— — —v— — —v— — —v—

❶ «غەزەللەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1982-يىل نەشرى، 416—417-بەتلەر.



中央民族大学图书馆

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# پېشرەۋ

## بىرىنچى ئاھاڭ

ئىشقىڭ ئوتىغا كۆيگەلى كەلدىم،
ئايدەك يۈزۈڭنى كۆرگەلى كەلدىم.

سەۋدايى زۈلفۈڭ تۈشتى باشىمغە،
سەندىن دەۋاسىن سورغالى كەلدىم.

بەھرىڭگە كىردىم غەۋۋاس بولاي دەپ،
بىر دۈررى مەقسۇد ئالغالى كەلدىم.

مەندىن سوراساڭ، ئەي گۈلئۈزارىم،
مەھۋى جەمالىڭ بولغالى كەلدىم.

كۆردۈم جەمالىڭ كەتتىم ئۆزۈمدىن،
مەجنۇنى شەيدا بولغالى كەلدىم.



中央民族大学图书馆

ساقى قەدەھنى قىلغىل مۇھەييا،
ۋەھدەت مەيىدىن ئىچكەلى كەلدىم.❶

— مەشرەب.

## ۋەزنى ئايرىمىسى

بەھرى مۇتەقارىبى مۇسەممەنى ئەسلەم

فەئلۇن فەئۇلۇن فەئلۇن فەئۇلۇن

— — ᵕ — — — — ᵕ — —

## ئىككىنچى ئاھاڭ

ئەيلەدىڭ، يا رەب، مەنى بىدىلنى جانانىدىن جۇدا،
ياخشىراق ئېردى بۇ كىم قىلغاي ئىدىڭ جانىدىن جۇدا.

يارغە بىدىل كۆڭۈل جان لەئلى تابىڭ بولماسە،
نې تەلەب ئۇمر ئەيلەگەي خىزر ئابىھەيۋانىدىن جۇدا.

يارغە بارغاچ نەزەردىن ئۆزدە قالماي زەررەئى،

---

❶ «شاھ مەشرەب»، قول يازما نۇسخا، «مىھرىبانىم قايداسەن»، 1990–يىل تاشكەنت نەشرى، 88–بەت.



中央民族大学图书馆

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

نى ۋۇجۇدى زەررەنىڭ خۇرشىدى تابانىدىن جۇدا.

قەترە-قەترە بارسا باش كۆزدىن، نى غەمكىم، ئۆكسۈمەس،
يۈز تۈمەنىڭ دۇررى غەلتان بولسە ئۇممانىدىن جۇدا.

دەردسزلەر ئاھىدا تەئسىر ئەگەر يوق، تاڭ ئەمەس،
نى ئۇچۇنكىم ئۆتمەگەي ئوق بولسە پەيكانىدىن جۇدا.

تۈشمەسە ئىشقىڭ كۆڭۈلگە، دەم بەدەم نىدۇر بۇ ئاھ،
بولماسا ئوت ئاندا، بەس، بۇ دۇر ئۇلۇر قانىدىن جۇدا.

ئەي ئايازى، جاندا ئىرمەس نۇقتەلەر، كۆيدۈرگەلى،
داغلاردۇركىم، بولۇپتۇر جانغە ھىجرانىدىن جۇدا.❶

— ئايازى.

## ۋەزنى ئايرىمىسى

بەھرى رەمەلى مۇسەممەنى مەھزۇف

فائىلاتۇن فائىلاتۇن فائىلاتۇن فائىلۇن

— ᵕ — — — ᵕ — — — ᵕ — — — ᵕ —

❶ «دىۋانى ئايازى»، قول يازما نۇسخا، 1-بەت.



中央民族大学图书馆

# پشرۋ چۇشۇرگسى

ساقى قەدەھنى قىلغىل مۇھەييا،
ۋەھدەت مەيىدىن ئىچكەلى كەلدىم.

رەھمەت ئىشىكىن مەشرەبكە ئاچغىل،
ئىشقىڭ كويىدا ئۆلگەلى كەلدىم.

(مەشرەب)





中央民族大学图书馆

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# تەئكىد

## بىرىنچى ئاھاڭ

ئەي سەبا، يەتكۈر پەيامىمنى مېنىڭ دىلدارغە،
كەلتۈر ئاندىن بىر مۇھەببەتنامەئى مەن زارغە.

ۋەھ، كەبۇتەر كۈل بولۇر مەكتۇبدىن ئۇچقۇن تۆشۈپ،
ئوت ياقىپمەن سىينەئى پۇر سوزدىن گۇفتارغە.

ھەر گۇلىدۇر بىر تەبەق شۇئلە، جانىم ئۆرتەر ئوچۇن،
سەنسىزىن كىرسەم تەماشايى ئوچۇن گۈلزارغە.

تۆشمەسە مەن ناتەۋانغە كۆزلەرى ئېرمەس ئەجەب،
باردۇ پەرۋاسى قاچان بىمارنىڭ بىمارغە.

تاپمادى مەشھۇرى گۇفتارىم مەرجان قەدرىنى،



中央民族大学图书馆

ھەر نەچە تىزدىم جەۋاھىر رىشتەئى ئەشئارغە.❶

— مەشھۇرى.

## ۋەزىن ئايرىمىسى

بەھرى رەمەلى مۇسەممەنى مەقسۇر

فائىلاتۇن فائىلاتۇن فائىلاتۇن فائىلان

—∨— —∨— —∨— — — ~

## ئىككىنچى ئاھاڭ

خەزان ئەتتىم زىمىستانى غەمىڭدە گۈلئۈزارىمنى،
كېلىپ دىلبەر تەماشا قىل خەزان بولغان بەھارىمنى.

قۇرۇدى باغى تەبئىم، غۇنچە قالدى گۈل ئاچىلماسدىن،
كەرەم ئايىن بېرىپ سەبزئەيلە باغۇ لالەزارىمنى.

نەكۈندۈز لەززەتىن تاتتىم، نە تۈنلەردە تاپىپ ئارام،
كەچۈردۈم ھەجر ئوتىدە كۆيدۈرۈپ لەيلۇ نەھارىمنى.

❶ «دىۋانى مەشھۇرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995–يىل نەشرى، 162–بەت.



中央民族大学图书馆

ياقامنى چاك ئېتىپ يىغلاپ بارىپ كويىدا داد ئەتتىم،
ئۇشۇل بىرەھم ئىشىتمەيدۇر مېنى فەريادۇ زارىمنى.

چىقارغە جان يەقىن بولدى ئۆلەي دەرمەن كۆرۈپ دىدار،
ئايا بادى سەبا، ئايغىل بارىپ بىرەھم يارىمنى.

مەن ئۆلسەم، ئەي بەرادەرلەر، ئانى يولىدا كۆمگەيسىز،
كى ھەر يانە ئۆتەر بولسە باسىپ ئۆتكەي مەزارىمنى.

ھۇۋەيدا ئايتادۇر يىغلاپ: ئۆلۈم ھەقدۇر، ئۆلەر بارچە،
كۆڭۈلدە قالماغاي ئەرمان كۆرۈپ ئۆلسەم نىگارىمنى.[1]

— ھۇۋەيدا.

## ۋەزن ئايرىمىسى

بەھرى ھەزەجى مۇسەممەنى سالىم

مەفائىيلۇن مەفائىيلۇن مەفائىيلۇن مەفائىيلۇن

– – – ᵕ – – – ᵕ – – – ᵕ – – – ᵕ

---

[1] «دىۋانى ھۇۋەيدا»، چاپ نۇسخا، 1909–يىلى تاشكەنت.



中央民族大学图书馆

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

# داستان

## بىرىنچى داستان

هەر كىشىنىڭ دەردى بولسا، يىغلاسۇن يار ئالدىدا،
قالماسۇن ئەرمان يۈرەكدە ئەتسۇن ئىزهار ئالدىدا.

ئەندەلىبى بىنەۋادەك نالەۋۇ ئەفغان بىلە،
دائىما يىغلاپ تۇرارمەن ئەينى گۈلزار ئالدىدا.

مەنسۇرى هەللاجدەك ئىچىپ شەرابى ئەنتەهۇر،
چەرخ ئۇرۇپ يىغلاپ تۇرارمەن ئۇشبۇ دەم دار ئالدىدا.

هەر كىشى بىر قەترەئى نۇش ئەيلەسە ئول بادەدىن،
ئول قىيامەتدە قىلۇر ئەرزىنى جەببار ئالدىدا.



中央民族大学图书馆

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

تەلبە مەشرەپ، قىلماغىل زاھىدغە سىررىڭنى ئەيان،
ئايتىپ، ئايتىپ يىغلاغىل سەن ئاشىقى زار ئالدىدا.❶

— مەشرەپ.

## ۋەزىن ئاپىرىسى

بەھرى رەمەلى مۇسەممەنى مەھزۇف

فائىلاتۇن فائىلاتۇن فائىلاتۇن فائىلۇن

—ᵕ— —ᵕ—— —ᵕ—— —ᵕ——



❶ «شاھ مەشرەپ»، قول يازما نۇسخا، 324-بەت.



中央民族大学图书馆

# ئىككىنچى داستان

مۇندىن كېتەر بولساڭ بەغداد شەھىرىگە،
غەرىب، سېنى بىر ئەللاھغە تاپشۇردۇم.
ئەللاھ سالدى جۇدالىقنىڭ دەردىگە،
غەرىب، سېنى بىر ئەللاھغە تاپشۇردۇم.

مەن كېتەرمەن مۇندىن بەغداد شەھىرىگە،
كۆپ يىغلىما، سەنەمجان، كەتسەم كېلۇرمەن.
ئىلاجىم يوق ئەبباسخاننىڭ زۇلمىگە،
كۆپ يىغلىما سەنەمجان، كەتسەم كېلۇرمەن.

نەچچە كۈن تارتۇرمەن سېنىڭ جەبرىڭنى،
سەبرى قىلا ئالمادىم داغى ھەجرىڭنى،
رازى ئېردىم تەڭرىم ئالسا جانىمنى،
غەرىب، سېنى بىر ئەللاھغە تاپشۇردۇم.

مېنى كەتتى دەبان يىغلاپ ئۇلتۇرمە،
قىزىلگۈلدەك رەڭگى-رويۇڭ سولدۇرمە،
دوستلار بىلسۇن، دۇشمەنلەرگە بىلدۇرمە،
كۆپ يىغلىما، سەنەمجان، كەتسەم كېلۇرمەن.



中央民族大学图书馆

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كېلۇرمەن دەپ ئەقلۇ ھۇشۇم ئالۇرسەن،
كېتەرمەن دەپ جانىمغە ئوت سالۇرسەن،
ھالا بۇندىن كەتسەڭ قاچان كېلۇرسەن؟
غەرىب، سېنى بىر ئەللاھغە تاپشۇردۇم.

كۆڭلۈم ئەمدى بولدى مېنىڭ يۈز پارە،
سەنسىز تىرىكلىكىم يوقتۇر دۇنيادە،
ئۆلمەسەم كېلۇرمەن يەنە ئۈچ ئايدە،
كۆپ يىغلاما، سەنەمجان كەتسەم كېلۇرمەن.

سەنەم دەرلەر: سېنىڭ بىرلە ئەھدەم بار،
ئۈچ ئايغىچە كەلسەڭ ئاڭا سەبرەم بار،
كېلەلمسەڭ يول ئۈستىدە قەبرەم بار،
غەرىب، سېنى بىر ئەللاھغە تاپشۇردۇم.

غەرىب ئايتۇر: تەغدىر شۇنداغ بولماسا،
ئەجەل يېتىپ شۇم پەيمانەم تولماسا،
جانىم چىقىپ، تەنىم چۆلدە قالماسا،
كۆپ يىغلاما، سەنەمجان، كەتسەم كېلۇرمەن.❶

—— «غەرىب—سەنەم» داستانىدىن.

---

❶ 1) «غەرىب—سەنەم»، قول يازما نۇسخا، 24—26—بەتلەر.
2) «بۇلاق» ژۇرنىلى 1993—يىل 1—سان، 158—159—بەتلەر



中央民族大学图书馆

# ئۇچىنچى داستان

يۇرت قەدرىنى شاھلار بىلمەس،
يۇرتدىن-يۇرتغە ئاشما غۇنچە.
ياخشى يارنىڭ قەدرىن بىلمەس،
بىر يامانغە تۇشـمەگۇنـچە.

قول ئۇزارتسام يارغە يەتمەس،
يارسىز مېنىڭ ئىشىم پۇتمەس،
كىشى مەردنىڭ قەدرىن بىلمەس،
بىر نامەردكە تۇشـمەگۇنـچە.

سىنـدۇرمە مۇئمىن سەداسىن،
ئۇقۇرلار بەش ۋەقت نەمازىن،
شاھلار بىلمەس يۇرت رىزاسىن،
ھاتەم بولۇپ تۇشـمەگۇنـچە.

خۇدا كىمگە بىر دەرد بېرەر،
ئۇل دەردىگە دەرمان بېرەر،



中央民族大学图书馆

بەندە خۇدا دەپ يىغلاماس،
بىر دەرد-ئەلەم كەلمەگۈنچە.

شاھ ئەبباس دەر: مەن بىلمەدىم،
غەرىب ھالىن ھەم سورمادىم،
ئىشق ئوتىنى مەن بىلمەدىم،
ئۆز باشىمغە كەلمەگۈنچە.❶

— «غەرىب-سەنەم» داستانىدىن.



❶ 1) «غەرىب-سەنەم» قول يازما نۇسخا، 110-بەت.
2) «ئون ئىككى مۇقام تېكىستلىرى»، 1964-يىل نەشرى، 114-بەت.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com
中央民族大学图书馆

# تۆتىنچى داستان

ئەي يارانلار، دىيار بەكرى شەھرىدە،
ئەقلىم ئالدى قارا كۆزلۈك بىر پەرى.
سالام قىلدى ئىككى قولى كۆكسىدە،
ئەقلىم ئالدى قارا كۆزلۈك بىر پەرى.

چەشمىنىڭ لەبىدە كۆردۈم مەن ئانى،
تىللا تارغاقىدە تارار ساچىنى.
كىمگە ئايتاي، كىمگە يىغلاي دەردىنى،
قانىم تۆكتى قارا كۆزلۈك بىر پەرى.

ھۆرلار ئانچە بولماس جەننەت ئىچىندە،
كۆرگەن كىشى قالۇر ھەسرەت ئىچىندە.
تەئزىم قىلدى دىيدار فۇرسەت ئىچىندە،
ئەقلىم ئالدى قارا كۆزلۈك بىر پەرى.

شاھ ئەبباسخان دەر: بۇ جانىنى نەيلەيىن،
ئۆلگۈنچە شول يارنى كۆرۈپ ئۆلەيىن،



中央民族大学图书馆

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئاشىقلىقنىڭ يولىن ئەمدى بىلەيىن،
ھەيران قىلدى جادۇ كۆزلۈك بىر پەرى.❶

— «غەرىب–سەنەم» داستانىدىن.

# بەشىنچى داستان

زۇلمۇڭ بىلەن قەبا فەلەك،
كۆزدە ياشىم قان ئەيلەدى.
يۇسۇف كەبى زىلەيخادەك،
مەسكەنىن زىندان ئەيلەدى.

ھەركىم ئەگەر سۆيسە ئۇنى،
سۆيەر كۆرۈپ ئاخىر ئۇنى،
ئىسمائىلدەك بىر كۈن مىنى،
بىر يولى قۇربان ئەيلەدى.

❶ 1) «غەرىب–سەنەم» ، قول يازما 109–بەت.
2) «بۇلاق» ژۇرنىلى، 1993–يىل 2–سان، 168—169–بەتلەر.



中央民族大学图书馆

قىنى ئۇل ھەزرەتى ئادەم،
قىنى ئۇل سەرۋەرى ئالەم،
رەسۇلغە بولغان ئۇل ماتەم،
ئۇلارنى گىريان ئەيلەدى.

ھەركىم ئاڭا كۆڭۈل باغلار،
كىچە-كۈندۈز كۆيۈپ يىغلار،
بۇلبۇل بوستاننى داغلاپ،
گۈللارنى خەزان ئەيلەدى.❶

— «بەھرام-دىلئارام» داستانىدىن.



❶ «ئون ئىككى مۇقام تېكىستلىرى»، 1964-يىل نەشرى، 48-بەت.



中央民族大学图书馆

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# مەشرەب

## بىرىنچى مەشرەب

ئەي پەرى يۈزلۈك بىگىم، جانلار فىدا بولسۇن ساڭا،
دۇنيىدا ھۇسن ئاتى بار ئېركەن، بەقا بولسۇن ساڭا.

ھەددى مەخلۇقاتدىندۇر نارى ئول ھۇسنۇ جەمال،
ئولكى يۇقتۇر رەھم ئېرۇر، بۇ ھەم ئەتا بولسۇن ساڭا.

ئەيمەنىپ ھاسىد تىلىندىن، دەست بەرمەس چۇن سەلام،
كۆز ئۇچى بىرلە يىراختىن مەرھەبا بولسۇن ساڭا.

چۇن ۋەفاسىزلەرگە بەرمىشلەر ئەزەلدە كۆركنى،
بۇ كەمالى ھۇسن ئىلە قاندىن ۋەفا بولسۇن ساڭا.



中央民族大学图书馆

بىر قىيا باقساڭ زەكاتى ھۇسن ئۈچۈن، ئەي كۆركە باي،
لۇتفىئى مىسكىندىن ئۆلگۈنچە دۇئا بولسۇن ساڭا.❶

— لۇتفى.

## ۋەزن ئايرىمىسى

بەھرى رەمەلى مۇسەممەنى مەھزۇف

فائىلاتۇن فائىلاتۇن فائىلاتۇن فائىلۇن

—ᵥ— —ᵥ— —ᵥ— —ᵥ—

❶ «دىۋانى لۇتفى»، بۈيۈك برىتانىيە مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتقان Add 7914–نومۇرلۇق قول يازما فوتو نۇسخا.



中央民族大学图书馆

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئىككىنچى مەشرەب

تا كىيدى قىزىل، ئۆزىنى زىيبا قىلايىن دەپ،
ئوت ياقتى جەھان مۇلكىدە غەۋغا قىلايىن دەپ.

مەششاتە بىلە جىلۋەدە كۆرسەتتى قەددىنى،
مەندەك نەچە دىۋانەنى شەيدا قىلايىن دەپ.

زىيبا سەنەمىم گۇل يۈزىدىن پەردەنى ئاچتى،
ئالەم ھەمە كۆز سالدى تەماشا قىلايىن دەپ.

زۇلفىنى تاراپ، قاش ئۇچۇرۇپ، جىلۋەلەر ئەتتى،
ئاشۇبى بەلا فىتنەنى بەرپا قىلايىن دەپ.

تا ئەيلەدىم ئالدىغە بارىپ ئەرزى نىيازىم،
چىن سالدى جەبىنىغە تەمەننا قىلايىن دەپ.

مەستانە سەمەند سەكرەتە كەلدى شەھى خۇنرىز،
شەمشىرى جەفانى يەنە بۇررا قىلايىن دەپ.



中央民族大学图书馆

كۆپ يىلكى بۇ قۇل خىزمەتىنى قىلمادى بەرجا،
كەلدىكى غەزەب بىرلە چۇ سەزا قىلايىن دەپ.

باشىمنى كېسىپ ئالغىلۇ خۇشھال بولۇپ كەت،
قانىمنى تۆكۈپ لالەئى سەھرا قىلايىن دەپ.

خەنجەر قولىدا مەشرەبنى ئۆلتۈرگەلى كەلدى،
غەۋغايى قىيامەتنى ھۇۋەيدا قىلايىن دەپ.❶

— مەشرەب.

## ۋەزن ئايرىمىسى

بەھرى ھەزەجى مۇسەممەنى ئەخرەب مەكفۇفى مەھزۇف

مەفئۇلۇ مەفائىيلۇ مەفائىيلۇ فەئۇلۇن

— — ⌣ ⌣ — — ⌣ ⌣ — — ⌣ ⌣ — —



❶ «شاھ مەشرەب»، ش ئۇ ئا ر قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان XGQ 154–نومۇرلۇق قول يازما، 81–بەت.

www.uyghurkitap.com





中央民族大学图书馆

# يەشەلەر



中央民族大学图书馆

www.uyghurkitap.com





中央民族大学图书馆

# مۇندەرىجە

## چوڭ نەغمە

مۇقەددىمە
ساتارىمغا جىنىمنىڭ رىشتىسىدىن ...... مەشرەب (57)
بىرىنچى تەئەززە
قۇياشتەك يورۇپ تۇرغان .............. نەۋائى (58)
ئىككىنچى تەئەززە (بىرىنچى ئاھاڭ)
ئەي ساقى ........................ نەۋائى (59)
ئىككىنچى ئاھاڭ
ھال-ئەھۋال باشقىچە ................. سادىقى (60)
بىرىنچى نۇسخە
تەقدىر رەسسامى .................... نەۋائى (61)
ئىككىنچى نۇسخە
جاھاندا سىنىڭدەك.................... قەلەندەر (62)
مۇستەھزاد
جاھاندا ماڭا ئوخشاش.................. مەھزۇن (63)
جۇلا
ئىككى شوخ كىيىكىڭنى ........... .......... نەۋائى (64)
سەنەم
قۇياشتەك جامالىڭنى .................... ″ (65)
بىرىنچى كىچىك سەلىقە (بىرىنچى ئاھاڭ)
ھەيرانمەن، ..................... نەۋائى (66)



中央民族大学图书馆

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئىككىنچى ئاھاڭ
ۋاي دەرىغ! .......................... نەۋائى (67)
ئۈچىنچى ئاھاڭ
سىرىڭنى ھەركىمگە ئېيتىۋەرمە ......... ھۇۋەيدا (67)
ئىككىنچى كىچىك سەلىقە
ئۇ كېلىشكەن .......................... نەۋائى (68)
پىشرەۋ (بىرىنچى ئاھاڭ)
ئايدەك يۈزۈڭنى كۆرگىلى ............ مەشرەب (70)
ئىككىنچى ئاھاڭ
ئەي تەڭرىم، .......................... ئايازى (71)
تەئكىد (بىرىنچى ئاھاڭ)
ئەي تاڭ شاملى .................. مەشھۇرى (72)

# داستان

بىرىنچى داستان
ھەر كىشىنىڭ دەردى بولسا ......... مەشرەب (73)

# مەشرەب

بىرىنچى مەشرەب
ئەي پەرى يۈزلۈك بېگىم ............... لۇتفى (74)
ئىككىنچى مەشرەب
ئۆزىنى زىبىا قىلمەن دەپ ............ مەشرەب (75)



中央民族大学图书馆

# چوڭ نەغمە

## مۇقەددىمە

ساتارىمغا جىنىمنىڭ رىشتىسىدىن تار ئېشىپ سالسام، ئۇنىڭ
ناۋاسى بىلەن بەختسىزلەرنىڭ كۆڭلىنى ئالسام.

مۇقام ئىچىدىن ئورۇن ئېلىپ، مۇقامنى دىلىمغا جايلاشتۇرسام،
[تەقدىر مېنى] مۇھەببەت كويىغا سالسا، مەن ئۇ[جانان]نىڭ ئالدىدا
چالسام.

«ھۇسەينىي» بىلەن «ئەجەم»نى مۇقاملارنىڭ ئاتىسى دېيىشىدىـ
كەن، مەن ئۇلارنىڭمۇ يۇقىرىسى بولغان «بايات» پەدىسىگە چالسام.

تەڭرىنى يادلاپ ئۇزۇلدۇرمەي «بايات» چالسام، باغرى ئېزىلگەنـ
لەرنى كۆرسەم «ناۋا» چالسام.

راكنى ئەۋجىگە يەتكۈزۈپ، «ئۇششاق»نىمۇ ئارىلاپ چالسام. «مۇـ
شاۋرەك» ، «پەنجىگاھ»نى كېچە-كۈندۈزلەپ چالسام.

ئەگەر «ئىراق» ، «چەببايات» ، «ئۆزھال»دىن پەيزى يەتسە، سەـ



中央民族大学图书馆

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

هەر پەيتىدە [يارنىڭ] قۇياشتەك ۋىسالىنى تىلەپ «چاھارگاھ» چالسام.
جۇدالىق تىغىدىن ئۆتۈپ، ھەممەتنىڭ ۋىسالىغا يەتسەم، ۋەسلىڭ
شارابىنى ئىچىپ، ئۇنىڭغا «سىگاھ»نى تەڭكەش قىلسام.
كەل، ئەي مەشرەب، شارابىڭنى ئىچىپ، غەرق مەس بولاي، بىر
قولۇمغا تەمبۇر، بىر قولۇمغا مەيگە تولغان جامنى ئالاي.

— مەشرەب.

## بىرىنچى تەئەززە

قۇياشتەك يورۇپ تۇرغان قەدەھنىڭ شولىسىدىن ھىدايەت نۇرى چاقنىدى، جامدىن: «يارنىڭ ئەكسىنى شارابتا كۆرگىن» دېگەن سادا چىقتى.

كۆڭۈل جامىدا غەيرى تەسەۋۋۇردىن غەمنىڭ غەشلىكى پەيدا بولسا، ئەي ساقى، بۇنى ۋەھدەت شارابىدەك تازىلىغۇچى يوق.

ئەي، مەي شۇنداق ياخشى نەرسىكى، قۇيۇلغان قەدەھ سۇنۇق ساپال بولسىمۇ، ئۇ جەمشىد تىلەپ ئىچكەن جاھاننىماغا تەڭ جامدۇر.

جام ۋە شاراب شۇنداق نەرسىكى، ئۇ جام ئۇچۇن يۈز جاھانىنى چاچقۇ قىلىپ، مىڭ جاننى پىدا قىلسا ئەرزىيدۇ.

ھوشى بار ئادەملەر مەيخانىغا رەسۋا بولۇشقا كېلىدۇ،ئەي مۇغبەچە،



中央民族大学图书馆

شاراب جامىنى تۇتساڭ مەن دىۋانىدىن باشلا.

ئاشۇ كۆكۈل جامىدىكى مەيدىن مەقسەت چېھرىسى جىلۋىلەنگەن-بىرى نازۇنېمەت بىر ياقتا قالدۇ.

ۋەھدەتكە مەي ھەم جام بىلەنلا ئېرىشىش مۇمكىن، كىم مەي بىلەن جام سۆزىنى تىلغا ئالسا، ئۇنى ئىپادە قىلالايدۇ.

سەن ئويلىغاندىن باشقا جام ۋە شاراب مەۋجۇت، ئەي زاھىد، بىلمەسلىكتىن ئىچەرمەنلەرنى قوغلاپ يۈرمە.

ئەي نەۋائى، چاڭقاپ يۈرمە، تەقدىر ساقىسىدىن: «ئەي تەشنالار، ئىچىڭلار!» دېگەن ئاۋاز كېلىۋاتىدۇ.

— نەۋائى.

## ئىككىنچى تەئزرە

### بىرىنچى ئاھاڭ

ئەي ساقى، مەن يۇتمىغان ھىجرانلىقنىڭ قانلىق ياشلىرى قالدىمۇ، مەي بەرمىسەڭ ئەمدى قان يۇتقىدەك ئىمكان قالدىمۇ؟

ئەي، ۋىسالىمغا يەتمەكچى بولساڭ جېنىڭنى پىدا قىلغىن دەيسەن،



中央民族大学图书馆

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئاۋۋال شۇنى سوراپ باققىنكى، ئايرىلىش ئازاۋىڭدىن مەندە جان قالدىمۇ؟

ئەي، كۆڭۈل، ئىشق ئاخىر مەخپى قالمايدىكەن، ئاۋارە بولما، مەنمۇ بۇرۇن شۇنچە كۆپ يوشۇرۇۋىدىم، قارىغىنا، يوشۇرۇن پېتىچە قالدىمۇ؟

ئۇقىنى جاراھەتلىك كۆڭلۈمدىن كۈچەپ تۇرۇپ تارتىۋالدى، ئەي جان، خۇش خەۋەر بەرگىنە، ئۇق قالدىمۇ، يوق؟

ئۇ ئاينى كۆرگىنىمدە مەجنۇنلارچە يىقىلدىم، ئەي دوستۇم، خۇدا ھەققى، ئېيتقىنا، ئۇ ھالىمغا ھەيران قالدىمۇ يوق؟

ئەي كۆڭۈل، بۇ گۈلشەن تەرەپكە قاراپ باققىنا، غۇنچە كۆڭلىنى خاتىرجەم تۇتقانىدى، كېيىن پەرىشان بولماي قالدىمۇ؟

ئەي نەۋائى، دوستلۇقۇمدىن قاچما، كۆرگىنكى، يار ساڭا ئانچە كۆيۈنمىگەنىكەن، بىزگە بىر خىل بولۇپ قالالىدىمۇ؟

—— نەۋائى.

## ئىككىنچى ئاھاڭ

ھال-ئەھۋال باشقىچە، خۇي پېيىللەر باشقىچە، گەپ-سۆزلەر باشقىچە، قىلمىش-ئەتمىشلەر باشقىچە.

ھەشەمەتچىلەرنىڭ ئىش-ھەرىكەتلىرى باشقىچە، ئۇلارنىڭ ئۆز تەۋەلىرىگە كۆرسەتكەن چىرايلىرى باشقىچە.

پىر بىلەن مۇرىد، ئۇستاز بىلەن شاگىرت باشقىچە، تەلەپكار ئاشىق بىلەن دىلنى تارتقۇچى مەھبۇب باشقىچە.



中央民族大学图书馆

تاج-تەخت ۋە سەلتەنەت ئىگىلىرىنىڭ جار سېلىشلىرى باشقىچە، ئىرادىمۇ، ئىناۋەتمۇ، زىكرى-تىلاۋەتمۇ باشقىچە.

ئالتە پىرنىڭ ئەھۋالى باشقىچە، ئۇلارنىڭ مۇناسىۋەتلىرىمۇ باشقىچە؛ سادىقىغا ئۆز يارىنىڭ ئىلتىپاتى ۋە خۇش مۇئامىلىسى باشقىچە.

— سادىقى.

## برىنچى نۇسخە

تەقدىر رەسسامى ئۇ گۈليۈزلۈك سەرۋىنىڭ سۈرىتىنى سىزغىنىدا ئۇنىڭ قىياپىتىگە تەقلىد قىلغىدەك ھېچ نەرسە تاپالماپتۇ.

ئۇ جىلۋىلىنىپ چىقىۋىدى، لەيلى ھەققىدىكى سۆزلەر يوقالدى. سەۋدالىغىمنىڭ ئوتى يالقۇنلىغانىدى، مەجنۇننىڭ شۆھرىتى پەسەيدى.

ئۇ كۈمۈش بەدەن قەددى-قامىتىنى جىلۋىلەندۈرۈپ، يۈزىنى ئاچقاندى، سەرۋىگە ئولپەت بولىدىغان، گۈلگە قىزىقىدىغانلار قالمىدى.

ئەي جاھان ئەيىيارى، كۆڭلۈم يۈزۈڭ ئالدىدا بىچارە، جىنىم لىۋىڭ ئىشقىدا قان يۇتىدۇ، ئارىلاپ ئۇلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ قوي!

ئۇ خوتەن گۈزەللىنىڭ ئويۇنلىرىنى كۆرگەندىن بېرى، تەقۋادارلىق ئۆيۈم يەر بىلەن يەكسان بولدى، تەسۋىيىم زۇننار بولدى، ھۇجرام مەيخانىغا ئايلاندى.



中央民族大学图书馆

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئەگەر ئۈنىڭ كوچىسىدا ۋىسال تاپسام، جەننەتكىمۇ كىرمەيمەن،
دوزاخنى قوبۇل قىلسام قىلىمەنكى، ئۇنىڭدىن ئايرىلىشقا قىيمايمەن.
شامال تاسادىپىي چىچىڭنىڭ ئىپار ھىدىنى يەتكۈزسە، چىچىڭنىڭ
زەنجىرىگە باغلىنىش ئارزۇسىدا تېخىمۇ ساراڭ بولىمەن.
ئىشىنىڭ سىرىنى كىملەر بىلەر، بۇ چىگىشنى كىملەر يېشەر؟ ئاھ،
ھەمىشە مۇشۇ غەم كۆڭلۈمدىكى ھەيرانلىقنى كۈچەيتىۋېتىدۇ.
نەۋائى، ئۇدۇل ماڭ، يوقلۇق كوچىسىدىن پاناھلىق تاپ، تەقۋادار-
لىقنى ۋە خانىقاھنى تاشلاپ، مەيپۇرۇشنىڭ خىزمىتىنى قىل.

—— نەۋائى.

## ئىككىنچى نۇسخە

جاھاندا سېنىڭدەك ئايغا ئوخشاش گۈزەل، تىلى شىرىن، شوخ،
گۈلىيۈزلۈك دىلدارنى كۆرمىدىم، ئىززەت تەختىدە ئولتۇرغان سېنىڭدەك
يەنە بىرىنى دۇنيادىن تاپقىلى بولمايدۇ.
كىشىگە شۇنداق ئازار بەرگۈچىنى مېنىڭدىن باشقا يەنە كىم
كۆرۈپتۇ؟
ئۇ مەندەك ياماندىن قاچقىنى بىلەن يارائقۇچى، تەربىيىلىگۈچى
تەڭرى گۈلشەندە تىكەننى گۈلگە ھەمراھ قىلغان ئەمەسمۇ؟



中央民族大学图书馆

ئەي زامانىنىڭ پەرىزاتى، سېنىڭ قەدرىڭگە يېتەلمىدىم، سېنىڭدەك يارنى بېشىمغا تاج قىلسام يارىشاتتى.

ماڭا قاچانغىچە نازلىنىسەن، شېكەردەك لېۋىڭ بىلەن قۇلۇڭغا بىرەر قېتىم سۆزلەپ قويساڭچۇ.

ئەگەر دىلىڭدا ئىمانىڭ بولسا، قەلەندەرگە مەرھەمەت قىل. بۇ بىچارىنى جەبىر-زۇلمىڭ بىلەن ئۆلتۈرۈپ قويما.

ئەي قەلەندەر، ئەگەر ئاشىق بولساڭ، كېچە-كۈندۈز دەرت-ھەس-رەت بىلەن بۇلبۇلغا ئوخشاش ئاشۇ گۈلنى مەدھىيىلە.

— قەلەندەر.

## مۇستەھزاد

جاھاندا ماڭا ئوخشاش ئاۋارىدىن يەنە بىرى تېپىلمايدۇ، يەنە مەندەك قايغۇلۇق، ئاجىز بىچارىمۇ يوق.

غەم قوشۇنلىرىنىڭ ئايغى ئاستىدا توزانغا ئايلانغان ۋۇجۇدۇمنى بالا توپانى تۇپراققا قوشۇۋەتتى.

پەلەك بېشىمغا ھېسابسىز بالا تاشلىرىنى ياغدۇردى. ھەر بىر تال چېچىمنىڭ ئورنىغا يۈزلىگەن يارىلارنى ئۈستى-ئۈستىلەپ پەيدا قىلدى.

ئەي دوستلار، مەجنۇنلۇقۇمنىڭ تەسىر قىلىپ قېلىشىدىن ئېھتىيات



中央民族大学图书馆

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قىلىڭلار، ھالىمنى سوراڭلار، لېكىن ماڭا قارىماڭلار.

ئالەمنىڭ بۇ زالىمى زۇلۇم سېلىشتىن بىر دەممۇ توختىمىدى.
قانچىلىك جاپا بولسا، دائىم ماڭا سالدى.

نائەھلىلەرنىڭ ئازارلىرى دىلىمنى جاراھەتلەندۈردى، دىلىمنىڭ بۇ
نازۇك شىشىسىنى ئاشۇ تاش سۇندۇرۇپ تاشلىدى.

ئەي مەھزۇن، زامان گۈزەللىرىنىڭ رۇخسارىغا كۆز تاشلىما، ئۇ
ھەر كۈنى سەندەكتىن نەچچىنى ئازدۇرغان.

— مەھزۇن.

# جۇلا

ئىككى شوخ كېپىنەكنى نازلىق ئۇيقۇسىدىن ئويغاتقىن، ئۇنى
گۈلزارلىقتا ئوينات، ئۇيقۇسى ئېچىلسۇن.

چېچەكنى چىشلەپ ئۈزۈۋەتمە، يەشكىنىڭدە ئۇنى يايغىن ۋە خۇددى
ئۇيۇق قاراڭغۇلاشقاندا جان ھىدىدەك چېچەكنىڭ خۇش پۇرىقىنى
تارقاتقىن.

كۆلبەمگە چاچلىرىڭنى يېيىپ، تەر تامچىلىرىنى تۆكۈپ كەل،
شۇنىڭ بىلەن يۇلتۇزلار قوشۇنىنى يىغىپ، جاھان خەلقىنى قوزغىۋەت.



中央民族大学图书馆

# سەنەم

قۇياشتەك جامالىڭنى كۆرسەت، پىراقىڭدا كۆپ يىغلاپ ياشلىرى قۇرىغان كۆزۈمنى ۋەسلىڭ بىلەنمۇ بىر قېتىم يىغلات.

ئەي پەلەك، [ئىشقنى] تىلەپ تېپىپ، بىر ئاھ بىلەن كۈلگە ئايلاندىم، ئەمدى پەرھاد بىلەن مەجنۇنغا ئاشىقنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ئۆگىتىپ قوي.

ئەگەر پەلەكنىڭ ئۈستىدە يۈز يىل ئىغىناپ ياتقىنىڭدىن پايدا چىقمىسا، تاش تۈۋىدە ياتقىنىڭ ياخشى.

ئەي ساقى، بەزمىدە نەۋائى كۆپ يىغلاپ كەتسە، ئۇنىڭ قەدىھىگە ھوشسىزلاندۇرغۇچى دورىنى قوشۇۋەت.

— نەۋائى.





中央民族大学图书馆

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# بەشىنچى كىچىك سەلقە

## بەشىنچى ئاھاڭ

ھەيرانمەن، مەي يەنە قايسى چېھرىنى قىزارتتىكىنە، پەرىشانمەن، شامال يەنە قايسى چىرايىنى ئېچىۋەتتىكىن؟

مۇشۇ دەمدە [ئۇنىڭ] يولىدا تۇپراق بولدۇم. ئەي قويۇن مېنى ئۇچۇرغىن، ئۇ ئايىنىڭ بېشىدىن ئۆرگىلەي.

كىشىلەرنىڭ ئەپسۇن بىلەن سىيمىياغا تەبىر بەرگىنىدەك زەئىپلە-كىمدىن ئۇنۇملا ئاڭلىنىدۇ، ئەمما ئەلنىڭ كۆزىگە كۆرۈنمەيمەن.

مەجنۇن مېنى باياۋاندىكى ۋەھشى ھايۋانلار ئارىسىدا كۆرۈپ، شۇ ھايۋانلار توپىنىڭ چوپانى ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ قالدى.

كىشىلەر ئارىسىدىن قېچىپ، مەيخانىغا يۈزلەندىم، ئەي دوستلار، بىلىپ قويۇڭلاركى، مەن باياۋاندىكى ۋەھشىلەرگە ئوخشاپ قالدىم.

قانچە پۇشايمان قىلساممۇ ئورنىغا كەلمەيدۇ، چۈنكى بىلمەستىن كىشىلەرگە ۋاپا قىلدىم، ئەمما ئۇلاردىن جاپا كۆردۈم.

مەن نەۋائى ئەمدى مەككىگە يۈزلەندىم. يەنە خۇراسانغا ماڭدىمە-كىن دەپ قالماڭلار.

— نەۋائى.



中央民族大学图书馆

## ئەللىنچى ئاھاڭ

ۋاي دەرىغ، بىرسىنىڭ غىمىدە يەنە زارلىنىۋاتىمەن، ۋاي دات، يەنە بالاغا گىرىپتار بولۇپ قالدىم!

ئەي دەۋاگەر، تەنە-سۆكۈشلىرىڭدىن ئۈيۈلاتتىم. ئەمدى ئۇنداق ئەمەس، نىمە دېسەڭ مانا مەن بار.

لېۋىڭنىڭ تەمى دەردىمنىڭ شىپاسى ئىدى. ئەي تېۋىپ، شەپقەت قىل، مەن يەنە كېسەل.

ھەر كېچىسى بىر قۇياش غىمىدە ئۇرۇلغان قايغۇ تېشىدىن پۈتۈن جىسمىم ئاسماندەك زەخىملەنگەن.

شۈكۈر، ئەقىل سوفىسىنىڭ ئىبادەتخانىسىنى بۇزۇپ، ئىشقىنىڭ يوقۇلۇش مەيخانىسىدا يەنە مەيپۇرۇش بولدۇم.

ئاغزىم قۇرۇپ، دىمىم تۇتۇلۇپ، سەكرىسەم ئەجەب ئەمەس، چۈنكى مەن تەلۋە چەۋەندازىمنىڭ ئىتىنى يەنە يېتىلەۋاتىمەن.

ئەقىل يۈتتى، ھوش كەتتى، كۆڭۈل كۆيدى، جان چىقتى، ئەي نەۋائى، ئەمدى يىنىكلەپ قالغىنىڭغا شۈكۈر قىل.

— نەۋائى.

## تۆتىنچى ئاھاڭ

سىرىڭنى ھەركىمگە ئېيتىۋەرمە، سىرداش دىگەن ئۆزگىچە. دەرد-سىزلەرگە مۇڭلانما، مۇڭداش دىگەن ئۆزگىچە.



中央民族大学图书馆

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

يولۇڭ بىر غىرىچلىق بولسىمۇ، قابىل ھەمراھ بىلەن ماڭ، نىجىسلار بىلەن ماڭما، يولداش ئۆزگىچە.

قولۇڭدا بايلىقىڭ بار چاغدا ئۇرۇغ-تۇغقان، يارۇ دوستلىرىڭ كۆپ بولىدۇ. توغرا، بېشىڭ ياستۇققا تەككەن چاغدىكى قېرىنداش ئۆزگىچە.

ھەممىيلەن ئاھ ئۇرۇپ يىغلىشىدۇ. ئەمما دەردمەنلەر بەلگىلىك، باغرى ئۆرتەنگەن كىشىنىڭ كۆزىدىن تۆكۈلگەن دەردلىك ياش دېگەن ئۆزگىچە.

ئەي ھۇۋەيدا، يار دەپ، ۋاپاسىزلارغا كۆڭۈل بەرمە، ئىككىلا ئالەمدە ۋاپادار بولغان قارا قاشلىق يار باشقىچە.

— ھۇۋەيدا.

## ئىككىنچى كىچىك سەلقە

ئۇ كېلىشكەن گۈل يۈزلۈكۈم كەچتە كېلىمەن دەپ كەلمىدى. شۇڭا تاڭ ئاتقۇچە كۆزۈمگە ئۇيقۇمۇ كەلمىدى. پات-پات چىقىپ ئىنتىزارلىق بىلەن يولىغا كۆز تىكتىم. جېنىم ئاغزىمغا كېلىپ قالدىيۇ، لېكىن ئۇ شوخ، بەتخۇي كەلمىدى.

ئۇ ئۆز جامالىدەك يورۇق ئايدىڭدا كېلىشتىن ئېھتىيات قىلدىمىكىن، دېسەم، مېنىڭ رۇزىگارىمغا ئوخشاش قاراڭغۇلۇق چۈشكەندىمۇ



中央民族大学图书馆

كەلمىدى.

ئۇ پەرىنىڭ پىراقىدا ساراڭلارچە يىغلىدىم، مېنىڭ بۇ ھالىمنى كۆرۈپ، كۈلگىسى كەلمىگەنلەرمۇ بارمىدۇ؟

كۆزلىرىڭدىن قانچىلىك ياش كېلىدۇ دەپ مېنى ئۆلتۈرمەك، بۇ ئاخشام كۆزۈمدىن كەلگىنى سۇ ئەمەس، قان، سادىق ئاشىق تېپىلمايدىكەن، ئۇنداق بولمىغاندا، ئۇ يارنىڭ يولىغا قەدەم قويسا، نېمىشقا مەشۇقى قارشى ئېلىشقا كەلمەيدۇ؟

ئەي نەۋائى، مەي بىلەن كۆڭلۈڭ ئۆيىنى شاد قىل، چۈنكى، مەي كەلگەن ئۆيگە قايغۇ كەلمەيدۇ.

—— نەۋائى.





中央民族大学图书馆

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# پېشرەۋ

## بىرىنچى ئاھاڭ

ئايدەك يۈزۈڭنى كۆرگىلى، ئىشق ئوتۇڭدا كۆيگىلى كەلدىم.
بېشىمغا چېچىڭنىڭ سەۋداسى چۈشتى، سەندىن شىپالىق سوراپ كەلدىم.
غەۋۋاس بولۇپ دېڭىزىڭغا چۆكۈپ، بىر مەقسەت ئۈنچىسىنى ئالغىلى كەلدىم.
ئەي گۈل يۈزلۈكۈم، مەندىن سورىساڭ، جامالىڭنىڭ ھەيرانىسى بولاي دەپ كەلدىم.
جامالىڭنى كۆرۈپ ئۆزۈمدىن كەتتىم، ساڭا مەجنۇندەك شەيدا بولغىلى كەلدىم.
ساقى قەدەھنى تەييارلا، ۋەھدەت مەيىدىن ئىچكىلى كەلدىم.
مەشرەبكە رەھمەت ئىشىكىنى ئاچ، ئىشقىڭنىڭ كوچىسىدا ئۆلگىلى كەلدىم.

— مەشرەب.



中央民族大学图书馆

# ئىككىنچى ئاھاڭ

ئەي تەڭرىم، مەن مىسكىننى جانانىدىن جۇدا قىلدىڭ، ئۇنداق قىلغىچە جاندىن جۇدا قىلغىنىڭ ياخشىراق ئىدى.

جان بېغىشلىغۇچى ياقۇتتەك لېۋىڭ بولمىسا، ساڭا كۆڭلۈم مەپ-تۇن بولامتى، خىزىر ھاياتلىق سۈيىدىن ئايرىلسا، قانداقمۇ ئۆمۈر تەلەپ قىلالايتتى؟

ئېسۈيادىم يارنىڭ يېنىغا كەتكەچكە ئۇنىڭدىن ئۆزۈمدە زەررىچە ئەسەر قالمىدى، قۇياشتىن ئايرىلغان زەررىچە قانداقمۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرالىسۇن؟

كۆزۈمدىن تامچە-تامچە ياش تۆكۈلسە نېمە غەم، ئۇمىمان دېڭىز-دىن يۈز تۈمەنمىڭ ئۈنچىلەرنى سۈزۈۋالغان بىلەنمۇ، ئۇنىڭدا يەنە ئۆكسۈپ قالامدۇ ئەمەسمۇ؟

دەردىسىزلەرنىڭ چەككەن ئاھلىرى تەسىرسىز بولسا، ئەجەبلىنەر-لىك ئەمەس، چۈنكى ئوق كاماندىن ئايرىلسا ئۆتمەيدۇ-دە.

كۆڭۈلدە ئىشقىڭ بولمىسا، نېمىشقا بۇنداق توختاۋسىز ئاھ ئۇرد-مەن، ئىچىمدە ئوت بولمىغىنىدا بۇ تۈتۈن نەدىن چىقتى؟

ئەي ئايازى، «جان» دېگەن خەتتە تۇرغىنى چېكىت ئەمەس، ئۇ جاننى كۆيدۈرگەن ھىجران داغلىرىدۇر.

— ئايازى.



中央民族大学图书馆

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# تەئكىد

## بىرىنچى ئاھاڭ

ئەي تاڭ شامىلى، مېنىڭ خەۋىرىمنى دىلدارىمغا يەتكۈز، ئۇنىڭدىن
مەن بىچارىغا بىر مۇھەببەتنامە كەلتۈر.

تېز تۇتاشقۇچى يۈرەك ئوتۇمنى يېقىپ نامە ئەۋەتتىم، ۋاھ، بۇ
مەكتۇپتىن ئۇچقۇن چۈشسە ئۇنى ئېلىپ ماڭغان كەپتەرمۇ كۆيۈپ كۈل
بولىدۇ.

تاماشا قىلىش ئۈچۈن، سەنسىز گۈلزارلىققا كىرسەم، ئۇ يەردىكى
ھەر بىر گۈل جېنىمنى كۆيدۈرۈش ئۈچۈن يېقىلغان بىر تاۋاق ئوت
بولۇپ كۆرۈنىدۇ.

ئۇ [يار]نىڭ مەن بىچارىغا كۆزى چۈشمىسە ئەجەب ئەمەس،
قاچان كېسەل كىشى كېسەل كىشىگە پەرۋا قىلغان؟

ئەي مەشھۇرى، شېئىر رىشتىسىغا شۇنچە گۆھەر تىزساممۇ، سۆزلە-
رىم مارجانچىلىك قەدرىنى تاپالمىدى.

— مەشھۇرى.



中央民族大学图书馆

# داستان

## بەشىنچى داستان

هەر كىشىنىڭ دەردى بولسا، يارى ئالدىدا يىغلاپ، يۈرەكتىكى
ئارمانلىرىنى قالدۇرماي ئىزھار قىلسۇن.

گويا گۈل-زاردىكى بىچارە بۇلبۇلدەك يىغلاپ دائىم نالە-پىغان
قىلىمەن.

مۇشۇ دەمدە مەنمۇ مەنسۇر ھەللاجىدەك شارابى ئەنتەھۇرنى ئى-
چىپ، دار ئالدىدا چۆرگىلەپ يىغلاۋاتىمەن.

كىمكى ئاشۇ شارابدىن بىر تامچە ئوتلاپ قالسا، ئۇ قىيامەت كۈنى
تەگرى ئالدىدا ئۆز ئەھۋالىنى بايان قىلىدۇ.

ئەي تەلۋە مەشرەب، سەن سىرىڭنى زاھىدقا ئاشكارىلىما، ئۇنى
خارۇ زار بولغان ئاشىقنىڭ ئالدىدا ئېيتىپ يىغلا.

— مەشرەب.



中央民族大学图书馆

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# مەشرەب

## بىرىنچى مەشرەب

ئەي پەرى يۈزلۈك گۈزىلىم، ساڭا جانلار پىدا بولسۇن، دۇنيادا گۈزەللىك دېگەن سۆزلا بولىدىكەن، ئۇ ساڭا مەڭگۈلۈك بولسۇن.

سېنىڭدە رەھىم-شەپقەت بولمىسىمۇ، لېكىن پۈتكۈل مەخلۇقاتلار ئېرىشەلىشى مۇمكىن بولمىغان ھۆسن-جامال بار. تەڭرى بۇنىمۇ ساڭا بەخشەندە قىپتۇ.

ھەسەتخورنىڭ تىلىدىن ئەيمىنىپ، سالاملاشقىلىمۇ بولمايدۇ، كۆز ئۇچى بىلەن يىراقتىن ساڭا مەرھابا دەيمەن.

تەڭرى ئەزەلدە كۆركەملىكنى ۋاپاسىزلارغا بەرگەن تۇرسا، بۇنچە-ۋالا تولغان گۈزەللىك بىلەن سەندە قانداقمۇ ۋاپا بولسۇن.

ئەي نازىنىن، ھۆسن جامالىڭنىڭ زاكىتى ئۈچۈن بولسىمۇ بىر قېتىم قىيا باقساڭ، بۇ مىسكىن لۇتفى ساڭا ئۆلگىچە دۇئا قىلاتتى.

— لۇتفى.



中央民族大学图书馆

# ئىگلىنچى مەشرەب

ئۆزىنى زىبىبا قىلىمەن دەپ قىزىل كىيىنگەنىدى، جاھان مەملىكە-
تىگە ئوت يېقىپ، غوۋغا چىقىرىشقا باشلىدى.

مەندەك نەچچىلىگەن دىۋانىلەرنى شەيدا قىلىش ئۈچۈن، پەرداز
بىلەن چىقىپ، جىلۋىلىنىپ بويىنى كۆرسەتتى.

ئۇ گۈزەل سەنەم گۈل يۈزلىرىدىن پەردىنى ئاچقانىدى، پۈتكۈل
ئالەم ئۇنى تاماشا قىلىش ئۈچۈن كۆز تىكتى.

بالا-قازا ۋە پىتنە-پاسات ئوتلىرىنى ياندۇرۇش ئۈچۈن چاچلىرىنى
تاراپ، قاشلىرىنى ئېتىپ، جىلۋىلەر قىلدى.

مەن ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ ھاجەتمەنلىكىمنى ئىزھار قىلغانىدىم،
ئۇ ئۆزىگە تەمەننا قويۇپ، قوشۇمىسىنى تۈردى.

ئۇ قان ئىچكۈچىلەرنىڭ شاھى جاپا شەمشىرىنى ئۆتكۈرلەشتۈرۈش
ئۈچۈن مەستلەرچە ئات سېلىپ كەلدى.

كۆپ يىلدىن بېرى بۇ قۇل ئۇنىڭ خىزمىتىنى بەجا كەلتۈرەلمىگە-
نىدى، شۇڭا سازايى قىلىمەن دەپ غەزەپ بىلەن يېتىپ كەلدى.

بېشىمنى كېسىۋالغىن-دە، قېنىمنى تۆكۈپ سەھرادىكى لالىگە
ئوخشىتىپ قويغانلىقىڭدىن خۇشال بولۇپ كەت.

ئۇ قىيامەت غوۋغاسىنى پەيدا قىلماقچى بولۇپ، خەنجەرنى كۆتەر-
گەن ھالدا مەشرەبنى ئۆلتۈرگىلى كەلدى.

**—— مەشرەب.**



中央民族大学图书馆

www.uyghurkitap.com





中央民族大学图书馆

# لۇغت



中央民族大学图书馆

www.uyghurkitap.com





中央民族大学图书馆

## ئا

ئارەز چىراي، چېھرە، يۈز.

ئازىم 1) نىيەت، قارار؛ 2) ماڭغۇچى، كەتكۈچى، چىققۇچى (سەپەرگە).

ئاشۇب غوۋغا، توپىلاڭ، ماجىرا؛ ھاياجان، قور- قۇش.

ئاشفتە (ئاشۇفتە) 1) چېچىلغان، توزىغان، تارقاق، چۇۋۇل- غان؛ 2) ئاشىق، شەيدا، مەپتۇن.

ئافاق ئۇپۇقلار، دۇنيا، ئالەم.

ئايىن 1) قىلىق، ئادەت، رەسىم، پېئىل، رەۋىش؛ تەرز، تەرتىپ، مۇراسىم، ئۇسۇل؛ 2) ئوخشاش، كەبى.

## ئە

ئەتا بېغىشلاش، ھەدىيە قىلىش.

ئەتۋار 1) يۈرۈش-تۇرۇش، خۇلق، قىلىق، ھەرىكەت، پېئىل، 2) يول، ئۇسۇل، تەرتىپ، ئادەت.

ئەدا I 1) بايان، ئىپادىلەش؛ 2) ئۆتەش، تۆلەش، بې-



中央民族大学图书馆

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

جىرىش.

ئەدا Ⅱ نازـكەرەشمە، گۈزەل قىلىقلار.

ئەدەم يوقلۇق، يوق.

ئەرز Ⅰ بايان، مەلۇمات.

ئەرزنىياز — 1) سالام، دۇئا؛ 2) زارلىنىش، يالۋۇرۇش.

ئەرز Ⅱ يەرـزېمىن، يەر يۈزى.

ئەرز Ⅲ ئەن، كەڭلىك، بىرەر نەرسىنىڭ كەڭلىكى، ئېنى.

ئەزەل ئىپتىداسى، باشلىنىشى نامەلۇم زامان.

ئەزكار بايانلار، زىكىرلەر.

ئەسرار سىرلار، يوشۇرۇن نەرسىلەر.

ئەفئال پېئىل ھەرىكەتلەر، ئىشلار، قىلىقلار

ئەفكار يارىلانغان، جاراھەتلەنگەن، يارىدار، مەجرۇھ؛ ئورتەنگەن، خەستە.

ئەلەم Ⅰ 1) ئالامەت، بەلگە، نىشانە؛ 2) بايراق، تۇغ؛ 3) يالقۇن.

ئەلەم Ⅱ ئاتاقلىق ئات.

ئەلەم Ⅲ ئاغرىق، دەردـئەلەم.

ئەنجۇم يۇلتۇزلار.

ئەندەلىب بۇلبۇل.

ئەھد Ⅰ ۋەدە، سۆز بېرىش، مەجبۇرىيەت؛ قەسەم

ئەھد Ⅱ دەۋر، زامان، ئەسىر.

ئەۋزائ ئەھۋال، ھالەت، تۈزۈلۈش.

ئەۋ ئۆي.



中央民族大学图书馆

## ب

باد شامال، يەل.

بادى خەزان — كۈز شاملى، خازان يېلى.

بادى سەبا مەيىن شامال، سەھەر شاملى، تاڭ سەلكىنى.

بادە مەي، شاراب، ئىچىملىك.

باياد 1) قەدىمكى تۈرك قەبىلىلىرىدىن بىرى؛ 2) تۆردى ئاخۇن ئاكا ئېلىپ كەلگەن «ئون ئىككى مۇقام» تەركىبىدىكى توققۇزىنچى مۇقام — باىات مۇقامى.

بەدكار يامان ئىشلارنى قىلغۇچى، بەتقىلىق، يارىماس، ئەخلاقسىز.

بەرجا ئورنىغا قويۇش، جايلاشتۇرۇش، سەرەمجانلاشتۇرماق، ئورۇندىماق.

بەقا باقىيلىق، ئەبەدىيلىك، بارلىق، مەۋجۇتلۇق.

بەھر 1) دەريا، كاتتا دەريا، دېڭىز؛ 2) شېئىرىيەتتە ۋەزىن ئۆلچىمى، ئەرۇز ۋەزىن بەھرلىرى.

بۇ(ي) پۇراق، بۇي، ھىد، ئىس.

بۇتراتماق توزۇتماق، تارقاتماق، پاراكەندە قىلماق.

بۇررا(ن) كەسكۈر، ئۆتكۈر، ئىتتىك.

بېگەنمەك ياقتۇرماق، خۇش كۆرمەك، ماقۇللىماق، قىلماق.

بىدار ئويغاق، ھوشيار.

بىدىل 1) دىلسىز، كۆڭۈلسىز؛ روھسىز، ھالسىز؛ 2) يۈرەكسىز، قورقۇنچاق؛ 3) قايغۇلۇق، ھەسرەت-



中央民族大学图书馆

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

لىك؛ ئاشىق.

بىللاھ خۇدا ھەققى، ئاللا ھەققى، تەڭرى ئۈچۈن.

بىمار كېسەل، ئاغرىق؛ دەردمەن.

بىنەۋا 1) بىچارە، يوقسۇل؛ 2) بەختسىز، بەھرىسىز؛ 3) نائۈمىد، مىسكىن؛ چۈشكۈن.

## پ

پەردە 1) پەردە، توساق؛ 2) ئاھاڭ، پەدە، كۈي؛ 3) سازلارنىڭ پەدە-بوغۇملىرى؛ 4) ئۈمۈچۈكنىڭ ئۇۋىسى.

پەرىشان تارقاق، چېچىلغان، يېيىلغان.

پەششە پاشا، بىر خىل ھاشارات؛ چىۋىن.

پەنەھ (پاناھ) 1) تايىنىش، يۆلىنىش؛ 2) ھىمايىچى، ئارقا تېرەك؛ 3) تايىنىلىدىغان، ياردەم سورۇلىدىغان جاي.

پەياپەي ئارقا-ئارقىدىن، كەينى-كەينىدىن، ئۈستى-ئۈستىگە، بىر تۇتاش.

پەيكان 1) كامان ئوقىنىڭ ئۇچى، ئوق ئۇچىدىكى مېتال؛ 2) تىكەن؛ مەجھۇل م: كىرپىك.

پەيمانە قەدەھ، مەي پىيالىسى؛

تولا پەيمانە — تولغان قەدەھ؛ مەجھۇل م: ئۆمرى توگىگەن.

پىر 1) ياشانغان كىشى، قېرى. 2) مەجھۇل م: بېرەر دىنني گۇرۇھنىڭ باشلىقى؛ رەھبىرى؛



中央民族大学图书馆

ئىشان، شەيخ؛ سوپىلار باشلىقى.
**پىرى دەير** — مەيخانا باشلىقى؛
**پىرى تەرىق** — تەرىقەت يولىغا باشلىغۇچى.

## ت

**تاب I** ناقەت، كۈچ-قۇۋۋەت، چىدام.

**تاب II** تولغىنىش، ئىشلىش، پۈكۈلۈش.

**تاب III** نۇر، ئىسسىقلىق، هارارەت؛ تاۋلىنىش؛ ئىس-
سىتما.

**تابىئ** تەۋە، بىرەرسىگە تېگىشلىك، بىرەرسىگە بوي-
سۇنغۇچى، ئەگەشكۈچى، هامىيلىغى ئاستىدى-
كى.

**تاق** **تاق يوق** — ئەجەب ئەمەس؛
**نېتاق** — ئەجەبلىنەرلىگى يوق.

**تالىب** تەلەب قىلغۇچى، ئىزدىگۈچى، مەپتۇن بولغۇ-
چى، خالىغۇچى؛ شاگىرت.

**تەبىئ** تەبىئەت، مىجەز، خۇلق، خاراكتېر؛ تالانت.

**تەرھ** 1) تاشلاش، ئېلىپ تاشلاش؛ 2) قۇرۇلغان بى-
نا؛ 3) قۇرۇلۇشلار، ئىمارەتلەرنىڭ پىلانى،
سخېمىسى، چېرتيوژى؛ 4) تەرتىپ، تۈزۈم،
نىزام؛ تۈزۈلۈش.

**تەشنە** تەشنا، ئۇسسۇز، چاڭقىغان.

**تەقۋا** دىندارلىق، پەرھىزكارلىق.

**تەممەننا** تىلەك، ئىستەك، ئارزۇ؛



中央民族大学图书馆

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

تەمەننا ئەيلەمەك — ئارزۇ قىلماق.

## ج

جا(ي)      جاي، ئورۇن، ماكان، يەر.

جار(جەر)      جار سېلىش، ئېلان قىلىش.

جەببار      1) قۇدرەتلىك، ئۇلۇغلۇق؛ 2) غەزەبلەنگۈچى، جەبىر قىلغۇچى؛ (تەڭرىنىڭ خاس سۈپەتلىرىدىن بىرى).

جەبىن      ماڭلاي، پېشانە.

جۇنۇن      سەۋدايىلىق، ساراڭلىق، ئەقلىدىن ئازماقلىق.

جىلاۋ      يۈگەن، تىزگىن.

جىلاۋدار      تىزگىن تۇتقۇچى (شاھلار، چوڭلارنىڭ ئېتىنى يېتىلەپ ماڭغۇچى، خىزمەتكار، خادىم).

## چ

چەرخ      1) چاق؛ 2) ئايلىنىش؛ 3) مەجھۇل م: ئاسمان، كۆك، پەلەك؛ 4) تەقدىر؛ 5) دەۋر، زامان.

**چەرخ ئۇرماق** — چۆگىلىمەك، پىرقىرىماق، ئايلانماق.

**كاسەئى چۇبىن** — قەدەھ، جام.

چىن I      ھەقىقى، راست، ئېنىق.

چىن II      1) قورۇق ئەجىن؛ 2) چاچنىڭ چىگىلىكى، بۇدرە چاچ.



中央民族大学图书馆

**چىن III** سۆز بىرىكمىسىدە «تەرگۈچى» دېگەن مەنىدە كېلىدۇ.

**خۇشەچىن** — باشاق تەرگۈچى، باشاقچى.

**چىن IV** يەر نامى؛ شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتى، جۈملە-دىن ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدا خوتەن ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلارنى «چىن» ۋە «ما-چىن» دەپ ئاتىغان.

## خ

**خادىم** خىزمەتكار، مۇلازىم.

**خار I** سۆز بىرىكمىسىدە «ئىچكۈچى»، «يېگۈچى» مە-نىلىرىدە كېلىدۇ.

**غەمخار** — غەم يېگۈچى، غەمگۈزار.

**خار II** تىكەن.

**خارى خەسەك** — ئۇششاق تىكەن.

**خارا I** (خارە) تاش، ئۇيۇلتاش.

**خارا II** قىممەتباھالىق بىر خىل يىپەك رەخت.

**خەزان** 1) كۈز، كۈز پەسلى؛ 2) كۈزدە سارغىيىپ تۆكۈلگەن ياپراق.

خەزان ئاسىبى — كۈز ئاپىتى.

**خەممار** ئىچىملىك ياسىغۇچى؛ ئىچىملىككە بېرىلگەن.

**خەيرباد** خەيرلىشىش، ۋىدالىشىش، خوشلىشىش.

**خەيل** 1) گۇرۇھ، توپ، جامائەت؛ 2) ئات-ئۇلاغ



中央民族大学图书馆

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

توپى، پادا.

**خۇرشىد** قۇياش، كۈن؛

**خۇرشىدى خاۋەر** — قۇياش.

**خۇنخار** قان ئىچكۈچى، قانخور.

**خۇنرىز** قان تۆككۈچى، قان ئاققۇزغۇچى، رەھىمسىز؛
قاتىل.

**خوي ئەفشان** تەرلىگەن، تەر تۆككۈچى.

## د

**داغ** 1) كۆيۈك ئىزى، كۆيۈك؛ 2) بەلگە، نىشان،
ئىز، ئەسەر؛ 3) مەجھۇل م: قايغۇ-ئەلەم،
كۈلپەت.

**داغى ھىجران** — ئايرىلىش كۈلپىتى، ئايرىلىش غېمى؛

**داغى ھىرمان** — مۇرادسىزلىق ئازابى؛

**داغى نىھان** — يوشۇرۇن ئەلەم، مەخپى جاراھەت.

**دەست** 1) قول؛ 2) قېتىم، نۆۋەت؛

**دەست بەرمەك** — 1) مۇيەسسەر بولماق، ئېرىشمەك،
ھاسىل بولماق، ئىشى ئوڭشالماق؛ 2) قول بەر-
مەك.

**دەفئ** قايتۇرۇش، رەت قىلىش، كەتكۈزۈش.

**دەير** 1) بۇتخانا؛ 2) مەجھۇل م: مەيخانا؛ 3) دۇنيا؛

**دەير فەنا** — پانى بولغانلار، ئۆزلۈكىنى يوقاتقانلار
دۇنياسى؛

**دەير پىرى** — مەيخانىچى، مەيخانا ئىگىسى.



中央民族大学图书馆

**دۇد** تۇتۇن؛
دۇدى ئا ھ — ئاھ تۇتۇنى؛ ئوتلۇق ئاھ؛ ئاچچىق ئاھ.

**دۇر(ر)** 1) ئۈنچە، مەرۋايىت؛ 2) قىممەتلىك سۆز، ھېكمەت.

**دۇر** ئۇزاق، يىراق (سوزۇق تەلەپپۇز قىلىنىدۇ).

**دېگۈل** ئەمەس.

**دىلبەر** 1) دىلنى تارتقۇچى؛ 2) گۈزەل، سۆيۈملۈك، مەھبۇبە.

**دىلدار** دىلغا ئارام بەرگۈچى، كۆڭۈلنى ئوۋلىغۇچى؛ سۆيۈملۈك، يار.

**دىۋانە** ھوشسىز، ئەقىلدىن ئازغان.

## ر

**راز** سىر، يوشۇرۇن، مەخپىي؛
راز ئەھلى — سىرداشلار.

**رايىھە** خۇش پۇراق، يېقىملىق ھىد، ئىس.

**رەب** تەڭرى، ئىگە. ئاللاھ؛
يارەب — ئەي ئىگەم، ئەي تەڭرىم.

**رەغبەت** خاھىش، مەيل، ئىستەك، قىزىقىش، ھەۋەس.

**روبەرەھ** (روبەراھ) يۈزمۇيۈز، ئۇدۇلمۇئۇدۇل.

**روي I** يۈز. بەت، چېھرە.
روي ئەندۇد — قاپلىما، سىرتى باشقا-ئىچى باشقا؛
روي بەرمەك — پەيدا بولماق، يۈز بەرمەك.

**روي II** رو (مېتال).



中央民族大学图书馆

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

رىشتە يىپ، تاناپ؛
رىشتەئى ئەشك — ئۇزۇلمەي ئاققان كۆز يېشى؛
رىشتەتاب — ئېشىلگەن يىپ.

## ز

زاھىر I روشەن، پارلاق.
زاھىر II ئوچۇق-ئاشكارا، كۆرۈنۈپ تۇرغان؛ يۈزەدىكى.
زەرف ئىدىش، كوزا، كۈپ؛ مەي كوزىسى.
زەڭ I 1) دات؛ 2) چاڭ-توزان؛ كىر، غۇبار؛ 3) قارا.
زەڭ II قوڭغۇراق.
زەكات ئۆزىنىڭ ئومۇمىي بايلىقىنىڭ قىرقتىن بىر ئۈلۈشىنى ھەر يىلى كەمبەغەللەرگە بېرىدىغان مۇسۇلمانلارنىڭ پەرزلىرىدىن بىرى.
زەئىف دەرمانسىزلىق، ھالسىزلىق، زەئىپلىك، كېسەللىك.
زۈلف چاچ، كوكۇلا.
زۇننار خرىستىئانلارنىڭ بوينىغا ئېسىپ، بېلىگە باغلاپ يۈرىدىغان يىپى، تەسۋىيى.
زۇھد دۇنيادىن ۋاز كېچىپ، تائەت-ئىبادەت بىلەن شۇغۇللىنىش؛ ياكى يالغاندىن ئۆزىنى شۇ ئىشلار بىلەن مەشغۇل قىلىپ كۆرسىتىش.



中央民族大学图书馆

# س

سەبا تاڭ شامىلى، تاڭ پەيتىدە چىققان مەيىن شامال.

سەبر چىدام، تاقەت.

سەبز مايسا، يېشىللىق، يېشىل رەڭ.

سەبۇكبار يۈكى يەڭگىل؛ يەڭگىل، چاققان.

سەرۋ 1) تۈپتۈز ئۆسىدىغان، قىشمۇياز ياپ-يېشىل تۇرىدىغان، خۇش پۇراق، چىرايلىق ئۆسكەن بىر خىل دەرەخ؛ 2) مەجھۇل م: يارنىڭ قەددى-قامىتى، يار.

سەزا 1) جازا؛ 2) لايىق، مۇناسىپ، سەزاۋەر؛

**سەزابەرمەك** — جازا بەرمەك، تەنبىھ بەرمەك.

سەفا 1) يورۇقلۇق، روشەنلىك، پارلاقلىق؛ 2) خۇرسەنلىك؛ مەئىشەت؛ 3) پاكلىق، ساپ؛

**سەفا ئەھلى** — پاك كۆڭۈللۈك، ساپ يۈرەك كىشىلەر.

**سەفايى ۋەقت** — ئۆز دەۋرىنىڭ پاك كىشىسى.

سەفال ساپال؛ ساپال ئىدىش، ساپال قەدەھ، ھېجىر.

سەلاسىل زەنجىرلەر، ھالقىلار تىزمىسى.

سەمەند تىز يۈرگۈچى چىرايلىق ئات.

سەۋاد 1) قارا تۈس؛ 2) قاراڭغۇ، قاراڭغۇلۇق؛ 3) خەت-ساۋات، يېزىق؛ 4) شەھەر، ئۆلكە؛ ئەتراپ-تېررىتورىيە؛ 5) يىراقتىن كۆرۈنگەن قارا بەلگە، نىشان.

سەۋمەئە خرىستىئانلار ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئىبادەتخانىسى، مۇناستىر، ئىبتىكاپخانا.



中央民族大学图书馆

سۇبھە تەسۋىي.

سۇد I پايدا، مەنپەئەت، نەپ؛ بەھرە.

سۇد II سۈت.

سۇد III سۆز بېرىكمىسىدە: «سۇركەش، سۇرتۇش، ئىشقىلاش» تەك مەنىلەردە كېلىدۇ.

سوفى تەسەۋۋۇپ (سوپىزم) يولىنى تۇتقان كىشى، تەرىقەتچى.

سپەھ (سپاھ) 1) لەشكەر، قوشۇن، ئەسكەر؛ 2) ئەمەلدار؛ سپاھى دىجەم — غەزەبلىك قوشۇن.

سپىھر ئاسمان، ئاسمان گۈمبىزى، پەلەك.

## ش

شايەد ئېھتىمال، بەلكى؛ كاشكى.

شەبستان 1) كەچكى ياتاقخانا؛ ئىچكى ھەرەم دائىرىسى؛ 2) قاپقاراڭغۇ كېچە، قاراڭغۇلۇق.

شەرابى ئەنتەھۇر پاكىز شاراب، ئۆتكۈر شاراب، جەننەت شارابى.

شەش ئالتە.

شەيدا گىرىپتار، مەپتۇن، ئاشىق، ھەددىدىن تاشقىرى مەپتۇن بولغان.



中央民族大学图书馆

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## غ

**غەزال** كېيىك، ئاھۇ.

**غەمزۇدا** قايغۇنى يوقاتقۇچى.

**غەۋۋاس** سۇ ئاستىغا چۆشكۈچى.

**غەير** ئۆزگە، باشقا، بىگانە، يات.

**غۇسسە** قايغۇ، غەم.

**غۇسسە پەرداز** — قايغۇرغۇچى، غەمخور.

**غۇسسە سەنج** — غەم چەككۈچى، قايغۇرغۇچى.

## ف

**فاش** ئوچۇق، ئاشكارا.

**فۇرقەت** جۇدالىق، ئايرىلىش، ئاجرىلىش.

**فۇسۇن** نەيرەڭ، ئەپسۇنچى.

## ق

**قاندىن** قايدىن، قەيەردىن.

**قەبا** ئەرلەرنىڭ ئۇزۇن ئۈست كىيىمى.

**قەبا فەلەك** — قەبىھ پەلەك، خۇنۇك دۇنيا.

**قەزا I** 1) بىرەر ۋەقەنىڭ يۈزەگە كېلىشى؛ 2) تاسادىپ؛ 3) ئۆز ۋاقتىدا قىلىنماي قالغان بىرەر ئىشنى كەينىدىن بىجىرىش.



中央民族大学图书馆

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قەزايى يەزدانىي — خۇدادىن كەلگەن ئەجەل، ئۆلۈم.

قەزا II قازىلىق.

كار I 1) ئىش؛ كۈچ؛ ئەمەل؛ ھەرىكەت؛ 2) مەنسەپ.

كار II تۇپ سۆزلەرگە قوشۇلۇپ، «ئەتكەن، ئەتكۈچى، قىلغان، قىلغۇچى» دېگەنگە ئوخشاش مەنىلەردە كېلىدۇ، مەسىلەن: ئىتائەتكار، ئىسيانكار، ھىيلەكار، قانائەتكار، گۇلكار قاتارلىقلارغا ئوخشاش.

كاروبار كار I گە قاراڭ

كاسە (كاس، كەئس) كاسا، قاچا، قەدەھ، جام، چاناق؛

كاسەئى چۇبىن — ياغاچ كاسا، ياغاچ قەدەھ، جام.

كەرەم ياخشىلىق، ئالىيجانابلىق، ئېھسان، مەرھەمەت.

ساھىبى كەرەم — سېخىي، ئالىيجاناب، مەرھەمەتلىك.

كۆرك كۆرۈنۈش، چىراي، ھۆسن.

كۆركەباي ناھايىتى چىرايلىق، ھۆسنلۈك، گۈزەل.

كوي 1) كوچا، يول؛ 2) قىشلاق، مەھەللە، كەنت.

كۇلبە ھۇجرا، ئاددىي ئۆي.

كىردار قوشما سۆز تەركىبىدە «قىلىق، ئىش، رەۋىش، تەرز، كۆرۈنۈش» دېگەن مەنىلەردە كېلىدۇ؛

بەدكىردار — يامان قىلىقلىق، يامان تەبىئەتلىك.

## گ

گەدا(ي) گاداي، تىلەمچى.



中央民族大学图书馆

گەنج — ئالتۇن-كۆمۈش، جاۋاھىراتقا ئوخشاش قىممەت-باھالىق ماللارنىڭ توپلانمىسى، خەزىنە، توپلانغان بايلىق.

گۇفت — سۆز، نوتۇق.

گۇفتۇ گۇزار — سۆزلىشىۋېلىش، گەپ-سۆز.

گۇفتار — سۆز، سۆزلەش، سۆھبەت.

گۇلئۇزار — گۈلىيۈزلۈك، گۈزەل، چىرايى ئىسسىق.

گىريان — يىغلىغۇچى، يىغلاپ تۇرغان.

گىيتى — ئالەم، دۇنيا، جاھان.

## ل

لەفز — سۆز، ئىپادە، تىل.

لەئل — 1) ياقۇت؛ 2) قىزىل لەۋ، يارنىڭ قىزىل لېۋى.

لەئلى بەدەخشان — بەدەخشاندىن چىقىدىغان ئەڭ سۈزۈك ياقۇت.

لەيل — تۈن، كېچە، ئاخشام.

لەيلۇ نەھار — كېچە-كۈندۈز؛

ئىككى لەيل — ئىككى تۈن؛ ئىككى قارا چاچتىن كىنايە.

لەيلا — كېچىسى، كېچىسى بىلەن.

لۇئبەت — 1) ئويۇنچۇق، قونچاق؛ 2) نەيرەڭ، ھىيلە؛ 3) مەجھۇل م: گۈزەل يار.

لۇئبەتى چىن — 1) خوتەن گۈزىلى؛ 2) مەجھۇل م:



中央民族大学图书馆

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

قوياش.

**لۇئبەتباز** 1) نەيرەڭـۋاز، ھىيـلىگەر؛ 2) قونچاق ئوينى‍ـ
غۇچى.

## م

**ماسۇا** ...دىن باشقا، ...دىن تاشقىرى غا ئوخشاش مەنى‍ـ
لەردە كېلىدۇ؛
**ماسۇەللاھ** — خۇدادىن باشقا.

**مەتبۇئ** كىشىنىڭ تەبىئىتىگە مۇۋاپىق، لايىق كېلىدى‍ـ
غان، ياققان.
**مەتبۇئ تۇشمەك** — مىجەزىگە لايىق كەلمەك.
**نامەتبۇئ** — مىجەزىگە ياقمايدىغان.

**مەردۇم** 1) ئادەملەر، كىشىلەر، 2) قاراچۇق.
**مەردۇمى چەشم، كۆز مەردۇمى** — كۆز قارىچۇقى.

**مەستۇ مۇستەغرەق** غەرق مەست.

**مەسكەن** تۇرار جاي، ئورۇن، ئۆي.

**مەسنەد** 1) يۆلەنچۈك؛ 2) تەخت؛ 3) يۈكسەك مەرتىۋە
(مەنسەپتە)؛ 4) ھۆكۈمدارلىق ئورنى.
**مەسنەدى ھۇسن** — گۈزەللىك دەرىجىسى، مەرتىۋىسى.

**مەششاتە** قىزلار ۋە كېلىنلەرنىڭ چاچلىرىنى تاراپ ياسى‍ـ
غۇچى، زىننەتلىگۈچى، پەردازچى (ئايال).

**مەلالەت** مالاللىق، كۆڭۈلدىكى ئېغىرچىلىق، سىقى‍ـ
لىش، ھارغىنلىق.

**مەھرەم** 1) بىر-بىرىگە نىكاھ راۋا بولمايدىغان ئەڭ يې‍ـ



中央民族大学图书馆

قىن قېرىنداش؛ 2) ئۇلپەت، ھەمدەم، سىر-
داش؛ 3) خۇسۇسىي خادىم، ئىچكىي خىزمەت-
چى.
مەھرەمى راز — سىرداش.

مەھۋ يوقىلىش، تۈگەش، مەيداندىن كۆتۈرۈلۈش، ھەيرانلىقتىن ئۆزىنى يوقىتىش.

مۇبەمۇ (موي‌بەموي) بىرمۇبىر.

مۇخلىس ئىخلاس، چىن يۈرەكتىن بېرىلگۈچى، ئىخلاس-مەن.

مۇددەئى دەۋاگەر، دەۋا قىلغۇچى؛ رەقىب، دۈشمەن.

مۇغبەچە مەيخانىنىڭ يۇگۇر-يېتىم ئىشلىرىنى قىلىدىغان خادىمى، مەي توشۇغۇچى بالا.

مۇلاقات ئۇچرىشىش، كۆرۈشۈش.

مۇھەييا تەييار، تەييارلانغان؛
مۇھەيياقىلماق — ھازىرلىماق.

مۇھلىك ھالاك قىلغۇچى، ئۆلتۈرگۈچى، يوق قىلغۇچى؛
مۇھلىك ستىز — ھالاكەتلىك دۈشمەنلىك؛
مۇھلىك شەرار — ھالاكەتلىك يالقۇن.

## ن

ناجىنس پەس، يامان؛ جىنسداش بولغان.

نەسىم سەلكىن شامال، مەيىن شامال، تاڭ شامىلى؛
نەسىمى سەبا — شەرقتىن ئەسكەن مەيىن شامال؛
نەسىمى شەبگىر — تۈن شامىلى.

نەقش I گۈل، نەقىش؛



中央民族大学图书馆

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

نەقش باسماق — گۈل سالماق، باسماق؛

نەقشى خاتەم — مۆھۈرگە ئويۇلغان يېزىق، ئۆزۈك كۆزىگە ئويۇلغان مۆھۈر.

نەقشى چىن — خوتەن نەقىشلىرى، چىرايلىق نەقىش، ناھايىتى سەلتەنەتلىك رەسىم.

نەقش Ⅱ كۈي، ناخشا؛

نەۋا نەقشى — نەۋا كۈيى، مۇقامى.

نەقشۇ ئەمەل باغلىماق — كۈي بەستىلىمەك، نوتا يازماق؛ ئاھاڭغا سالماق.

نەكھەت خۇش ھىد، خۇش پۇراق.

نەفى رەت قىلىش، يىراقلىتىش، كەتكۈزۈش، قاچۇرۇش.

نەھار كۈندۈز؛

لەيلۇنەھار — كېچە-كۈندۈز.

نۇزۇل چۈشۈش، يۇقىرىدىن پەسكە چۈشۈش؛ قونۇش،

نۇزۇل بولماق — چۈشمەك، قونماق.

نۇش Ⅰ 1) تاتلىق، شېرىن تەم؛ 2) ھەسەل، بال؛

نۇشى لەب — لەۋنىڭ شېرىنلىكى؛

نۇشى ھەيات — ھايات لەززىتى.

نۇش Ⅱ سۆز بىرىكمىسىدە كېلىپ «ئىچكۈچى» دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

نۇش ئەيلەمەك — ئىچمەك.

نۇقتە 1) نۇقتا؛ 2) خال؛ داغ؛ 3) ئەرەب ئېلىپبەسىدە ت، ج گە ئوخشاش ھەرپلەرگە قويۇلىدىغان توچكا، چېكىت.



中央民族大学图书馆

**نىسار** چېچىش، چاچقۇ (ھۆرمەتلىك كىشىلەرنىڭ بې-شىدىن گۈل، تەڭگە-تىللا چېچىش).

نىسار ئەيلىمەك — چاچقۇ چاچماق، چاچقۇ قىلماق، پىدا قىلماق.

**نىگەھبان (نىگاھبان)** قارىغۇچى، كۆزەتكۈچى، قاراۋۇل، قو-رۇقلىغۇچى.

**نىھان** يوشۇرۇن، بېكىنگەن.

## ھ

**ھەجر** جۇدالىق، ئايرىلىش.

**ھەشەم** 1) يېقىن كىشى، بىر كىشىنىڭ يېنىدا ھەر دائىم بىللە يۈرگۈچى؛ 2) قەبىلە، ئەل؛ 3) مەرتىۋە، دەرىجە.

**ھەمل** دۈمبىسىگە ياكى بېشىغا كۆتۈرگەن يۈك.

**ھەمۋار** تۈپتۈز، تۈز.

**ھەيئەت** 1) شەكىل، سۈرەت، كۆرۈنۈش؛ 2) ئاسمان ۋە ئۇنىڭدىكى جىسىملارنىڭ شەكىل ۋە ھەرىكىتى توغرىسىدىكى پەن، ئاسترونومىيە.

**ھۇۋەيدا** بەلگىلىك، ئاشكارا، ئايان، زاھىر، ئېنىق، روشەن.

## ئۇ

**ئۇلۇس** ئەل، خەلق.



中央民族大学图书馆

www.uyghurkitap.com

**ئۇمان** ئەرەبىستاندىكى بىر دېڭىزنىڭ نامى، ئۇمان دې-ڭىزى.

## ۋ

**ۋەھش** ۋەھشى، ياۋايى ھايۋان؛

**ۋەھشۇ تەير** — ياۋايى ھايۋان ۋە قۇش.

**ۋۇسۇل؛ ۋۇسلەت؛ ۋۇسۇل ئەھلى** — ئېرىشكەنلەر، قو-شۇلغانلار؛

**تەرىقى ۋۇسۇل** — ئېرىشىش يولى.

**ۋۇھۇش** ۋەھشى ھايۋانلار، ياۋايى ھايۋانلار.

**ۋىرد** تەرك ئەتمەي دائىم ئوقۇپ تۇرىدىغان دۇئا.

## ئى

**ئىرشاد** توغرا يول كۆرسىتىش.



中央民族大学图书馆

# ئمزاھاتلار



中央民族大学图书馆

www.uyghurkitap.com





中央民族大学图书馆

# ئا

**ئابى چەشمە** 1) «ئون ئىككى مۇقام» تەركىبىدىكى ئەلنىڭ ئاخىرقى مۇزىكا بۆلەكلىرىنىڭ نامى؛ 2) كۆز يېشى مەنىسىدە.

**ئابىھەيات، ئابىھەيۋان، ئابى زىندەگانى** ئەبەدىي ھاياتقا سەۋەب بولغان ھاياتلىق سۇيى (دەپ تەبىر بېرىلگەن). رىۋايەتلەرگە قارىغاندا ئۇنى ئىچكەن كىشى ئەبەدىي ياشايدۇ دەپ ھېسابلانغان سۇ، تىرىكلىك سۇيى، ھاياتلىق سۇيى. بۇ سۇ قانداقتۇر بىر بۇلاقتىن چىقىدۇ دەپ پەرەز قىلىنغانلىقتىن **چەشمەئى ھەيۋان** ھەمدە بۇ سۇ خىزىر پەيغەمبەرگە مۇيەسسەر بولغان دېيىلىپ **خىزىر سۇيى** دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**ئادەم** ئىنسان، دەسلەپكى ئىنسان ۋە دەسلەپكى پەيغەمبەر. تەڭرى دەسلەپكى ئىنسان بولغان ئادەمنى، كېيىن ھەۋۋانى ياراتقان، بۇگۇنكى ئىنسانلار ئۇلاردىن تۆرىلىپ كۆپەيگەن دەپ رىۋايەت قىلىنىدۇ.

**ئالىمۇل-غەيب** غايىبلىق سىرلىرىنى بىلگۇچى؛ كۆچمە م: تەڭرى.



中央民族大学图书馆

**ئاياقچى، تامسە تۈت توققۇز** بۇ شاھلار ھۆزۈرىدا ئۆتكۈزۈلىدىغان تەنتەنىلىك مۇراسىملار ۋە بەزمىلەرنىڭ قائىدە-تەرتىپلىرىدىن بىرى بولۇپ، مەي ئىچكەندە ھەربىر كىشىنىڭ تولۇق ئىچىشى تەلەپ قىلىنىدۇ. مەي ئىچىلگەندىن كېيىن ساقىغا قايتۇرۇلغان ھەربىر قەدەھنى ساقى دوم قىلىپ تەكشۈرىدۇ. بۇ چاغدا قەدەھتىن بىرەر تامچە يەرگە تېمىپ قالغىدەك بولسا، ساقى جازا سۈپىتىدە ئارقا-ئارقىدىن توققۇز قەدەھ تۇتىدۇ:

«مۇغەننى، بىر نەۋائى تۈز، نەۋائى، نەغمەئى كۆرگۈز،
ئاياقچى، تامسە تۈت توققۇز، كى دارايى زەمان كەلدى.»
— نەۋائى.

## ئە

**ئەبباسخان (شاھ ئاببىاس)** «غەرىب-سەنەم» داستانىدىكى مۇھىم پېرسوناژلاردىن بىرى، سەنەمنىڭ ئاتىسى.

**ئەبدۇررەشىدخان** (1520—1569) XVI ئەسىردە ياشاپ ئىجادىي پائالىيەت ئېلىپ بارغان مەشھۇر دۆلەت ئەربابى ۋە مۇتەپەككۇر شائىر. يەكەننى پايتەخت قىلغان سەئىدىيە خانلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى سۇلتان سەئىدخاننىڭ ئوغلى، سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئىككىنچى سۇلتانى. «رەشىدى» تەخەللۇسى بىلەن ئاجايىپ لىرىك شېئىرلار يازغان. ئەبدۇررەشىدخان دەۋرىگە كەلگەندە ئۇيغۇر كلاسسىك مۇزىكىسى «ئون ئىككى مۇقام» رەتلىنىپ سىستېمىلاشقان مۇزىكا ھالىتىگە كەلگەن.



中央民族大学图书馆

**ئەتتار** 1) ئۇپا، ئەڭلىك، ئەتىر ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش خۇش پۇراقلىق دورا-دەرمەكلەرنى ساتقۇچى؛ 2) «مەنتىقۇت-تەير» ناملىق مەشھۇر ئەسەرنىڭ مۇئەللىپى فەرىدۇددىن ئەتتارنىڭ لەقىمى.

**ئەجەم** 1) ئەرەب بولمىغان خەلق-لەر ۋە مەملىكەت-لەر (كۆپىنچە ئىران مەملىكىتى ۋە خەلقىغە قارىتا ئېيتىلىدۇ)؛ 2) تۇردى ئاخۇن ئاكا ئېلىپ كەلگەن «ئون ئىككى مۇقام» تەركىبىدىكى يەتتىنچى مۇقامنىڭ نامى.

**ئەزرائىل** دىنىي ئەقىدىلەر بويىچە ئادەملەرنىڭ جېنىنى ئالىدىغان پەرىشتە، ئەجەل پەرىشتىسى، (تۆت مۇقەررەب پەرىشتىنىڭ بىرى).

**ئەشرەقەت مىن ئەكسى شەمسىل-كەئسى ئەنۋارۇل-ھۇدا**

«قۇياشتەك يورۇپ تۇرغان قەدەھنىڭ شولىسىدىن ھىدايەت نۇرى چاقنىدى» دېگەن مەنىدە.

**ئەنەلھەق** «مەن ھەقمەن» (بۇ مەشھۇر مۇتەسەۋۋۇف مەنسۇر ھەللاجنىڭ سۆزى)؛

**ھۇيى ئەنەلھەق** — «ئەنەلھەق» نىڭ ساداسى.

**ئەھرەمەن** ئەڭ ياۋۇز، دەھشەتلىك دىۋە.

**ئەھلى زۇھد** 1) دۇنيا ئىشلىرىدىن ئۆزىنى تارتىپ، تائەت-ئىبادەت بىلەن مەشغۇل بولغۇچىلار؛ 2) دەرۋىشلەر.

**ئەھمەد بەگ** «يۇسۇف-ئەھمەد» داستانىنىڭ باش قەھرىمانلىرىدىن بىرى؛ يۇسۇپبەگنىڭ ئىنىسى.



中央民族大学图书馆

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## ب

**بابىل** ئاسسۇرلۇقلار دەۋرىدە ئىراقتا قۇرۇلغان شەھەرلەردىن بىرى. بۇ شەھەر باغدادنىڭ يۇقىرى تەرىپىدە بولۇپ، ئىنتايىن ھەيۋەت ۋە يۇكسەكلىكتىن قەدىمكى ئەدەبىياتىمىزدا «بابىل قەلئەسى»، «بابىل چاھى» دېگەن ناملار بىلەن تىلغا ئېلىنىپ كەلگەن. تەۋراتتا بۇ شەھەر قەلئەسىنىڭ كۆپلىگەن تىللارنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە سەۋەب بولغانلىقى توغرۇلۇق رىۋايەت قىلىنىدۇ. مۇسۇلمانلاردا بولسا بۇ قەلئە نەمرۇدنىڭ ئاسمانغا چىقىپ، تەڭرىنىڭ ئىشلىرىنى بىلىش مەقسىدى بىلەن قۇرۇلغان دېگەن رىۋايەت بويىچە «نەمرۇد قەلئەسى» دەپ ئاتىلىدۇ.

**بابىل قەلئەسى، بابىل چاھى** «بابىل»غا قاراڭ.

**باغى جىنان** جەننەت بېغى.

**باياۋۇت (باياد)** 1) قەدىمكى تۈركىي قەبىلىلەردىن بىرى؛ 2) «ئون ئىككى مۇقام» تەركىبىدىكى توققۇزىنچى مۇقامنىڭ نامى.

**بەدايىئۇل-ۋەسەت** «ئوتتۇرا ياشلىق گۈزەللىكلىرى» ياكى «ئوتتۇرا ياشلىق لىرىكىلىرى»، ئەلىشىر نەۋائىنىڭ مەشھۇر ئەسىرى «خەزايىنۇل-مەئانى» تەركىبىدىكى ئۈچىنچى دىۋانىنىڭ نامى.

**بەغداد** قەدىمكى مەدەنىيەت مەركەزلىرىدىن بىرى بولغان شەھەر، ھازىرقى ئىراق دۆلىتىنىڭ پايتەختى.

**بەھرۇن-نەجات** «فەرھاد ۋە شىرىن» داستانىنىڭ باش



中央民族大学图书馆

قەھرىمانى فەرھاد تەرىپىدىن شىرىن ئۈچۈن قېزىلغان چوڭ كۆلنىڭ نامى؛ (ئەينى مەنىسى: قۇتۇلۇش دەرياسى).

**بەھرى ئۇممان** 1) ئۇممان دېڭىزى؛ 2) كۆچمە م: كاتتا دېڭىز، زور دېڭىز.

**بىلقىس** سۇلەيمان پەيغەمبەر زامانىدا يەمەننىڭ سەبە شەھىرىدە ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن بىر مەلىكە. سۇلەيمان پەيغەمبەر ئۇنى ياخشى كۆرگەن ۋە پەلەستىنگە چاقىرىۋالغان.

## پ

**پەنجگاھ** 1) «ئون ئىككى مۇقام» تەركىبىدىكى بەشىنچى مۇقامنىڭ نامى؛ 2) بەشىنچى دەرىجە، بەشىنچى ئورۇن؛ 3) بەش، بەشىنچى.

**پىشرەۋ (پەشرو)** 1) ئىلگىرى يۈرگۈچى، ئالدىدا ماڭغۇچى، يېتەكچى؛ يول باشلىغۇچى؛ 2) «ئون ئىككى مۇقام» نىڭ چوڭ نەغمە تەركىبىدىكى بىر مۇزىكا بۆلىكىنىڭ نامى.

## ت

**تەئەززە (تەزە )** 1) «ئون ئىككى مۇقام» نىڭ چوڭ نەغمە قىسمىدىكى بىر مۇزىكا بۆلىكىنىڭ نامى؛ 2) ئازابلىغۇچى، قىينىغۇچى، كۆڭۈلنى مۇڭلاندۇرغۇچى.



中央民族大学图书馆

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

**تەئكىد (تەئقد)** 1) «ئون ئىككى مۇقام» نىڭ چوڭ نەغمە قىسمىدىكى بىر مۇزىكا بۆلىكىنىڭ نامى؛ 2) باغلىنىش؛ 3) بىرەر پىكىرنى تېخىمۇ ئېنىق ھالدا ئورتىغا قويۇش؛ 4) ئىلگىرى سۆرۈلگەن پىكىر؛ 5) تەكىتلىمەك.

**تۇبى** رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، جەننەتتىكى تولىمۇ چىرايلىق بىر دەرەخ، جەننەت دەرىخى؛ كلاسسىك ئەدەبىياتتا يارنىڭ كېلىشكەن قەددى-قامىتىگە سىمۋول قىلىنىدۇ.

**تۇر** دىنىي رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، مۇسا پەيغەمبەر تەڭرى بىلەن سۆزلەشكەن تاغنىڭ نامى. بۇ جايدا مۇسا پەيغەمبەر ئوت ياققان. بۇ تاغ ئەرەبىستاندىكى ئەقەبە كۆرپىزى بىلەن سۇۋەيش ئارىسىدا بولۇپ، ئۇ «جەبەلى مۇسا» ۋە «تۇرى سىينا» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**تۇفان** رىۋايەتلەرگە كۆرە، ناھايىتى قەدىم زاماندا يۈز بەرگەن ئىنتايىن كۈچلۈك دۇنياۋىي سۇ تاشقىنى. بۇ قېتىمقى دەھشەتلىك ئاپەتتە نۇھ پەيغەمبەر باشچىلىقىدىكى بىرقانچە كىشىلا كېمە بىلەن قۇتۇلۇپ قالغان بولۇپ، بۈگۈنكى ئىنسانلار شۇلارنىڭ ئەۋلادى ئىكەنمىش.

**تۆت «قۇل»** «قۇرئانى كەرىم» دىكى «قۇل» سۆزى بىلەن باشلىنىدىغان تۆت سۈرىنىڭ قىسقارتىلغان ئومۇمىي نامى. بەزىدە «چەھار قۇل» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. دىنىي ئەقىدىلەر بويىچە بۇ سۈرىلەر كۆپ خاسىيەتلىك دەپ قارىلىدۇ.



中央民族大学图书馆

**تۆت مەزھەب** 1) «ھەنەفى» مەزھىپى. بۇ مەزھەبنىڭ ئىمامى ئەبۇ ھەنىفە نۇئمان بىننى سابىت. ئۇ باغداد-لىق بولۇپ ئابباسىيلار دەۋرىدە ياشىغان فىقھ ئالى-مىنىڭ ئەڭ ئالدىنقى ئاساسچىلىرىدىندۇر. 2) «مالىكى» مەزھىپى. بۇ مەزھەپنىڭ ئىمامى مالىك بىننى ئەنەس بولۇپ، ھىجرىيىنىڭ 93-يىلى مەدىنىدە تۇغۇلۇپ، 179-يىلى ۋاپات بولغان. «ئەل-مۇۋەتتە» ئىسىملىك ئەسىرى بار. 3) «شافىئى» مەزھىپى. بۇ مەزھەپنىڭ ئىمامى ئەبدۇللاھ بىننى مۇھەممەد بو-لۇپ، ھىجرىيىنىڭ 150-يىلى تۇغۇلۇپ، 204-يىلى ۋاپات بولغان. نەسەبى ئەبدۇمەنافتا مۇھەممەد پەيغەم-بەرگە تۇتىشىدۇ. فىقھ ئىلمىگە دائىر ئەسەرلىرى بار. ئاتاغلىق تەفسىرشۇناس ۋە مۇھەددىستۇر. 4) «ھەنبەلى» مەزھىپى. بۇ مەزھەپنىڭ ئىمامى ئەھمەد ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ھەنبەلى بولۇپ، ھىجرىيىنىڭ 164-يىلى تۇغۇلغان، 241-يىلى ۋاپات بولغان. 30 مىڭ ھەدىسنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «مۇسنەد» ناملىق ئەسىرى بار.

## ج

**جامى جەم** شاھ جەمشىد ياساتقان تىلسىملىق جام، قەدەھ. رىۋايەت قىلىنىشىچە، جەمشىد ھېكىملەرگە بۇيرۇتۇپ ئىككى جام ياساتقان. ئۇنىڭ بىرى ئىچىدىكى شارابنى ئىچسە-ئىچسە تۈگىمەيدىغان، ئۆكتۇرسىمۇ ئىچىدىكى شاراب تۆكۈلمەيدىغان جام بولۇپ، ئۇ «جامى ئىشرەت



中央民族大学图书馆

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

پەزاي» دەپ ئاتالغان. يەنە بىرى مەي ئىچكەندە ئۇنىڭ ئىچىدە جاھاندىكى جىمى ھادىسىلەر كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان جام بولۇپ، ئۇ «جامى جەھاننەما»، «جامى گىتىنەما»، «جامى جەھانبىن» دەپ ئاتالغان.

**جەمشىد** 1) ئۇلۇغ پادىشاھ، ئالىي ھۆكۈمدار، مەلىك؛ 2) ئىراننىڭ قەدىمكى ئەپسانىۋى پادىشاھلىرىدىن بىرى (كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدا قىسقارتىپ «جەم» شەكلىدىمۇ ئىشلىتىلىدۇ).

**جەننەتۇل-فىردەۋس** جەننەت بېغى. دىنىي ئەقىدىلەر بويىچە سەككىز جەننەتنىڭ بىرى، بىر دەرىجىسى.

**جەننەتۇل-مەئۋا** 1) جەننەت، جەننەت يېرى، جەننەت ماكانى. دىنىي ئەقىدىلەر بويىچە دىندار، گۇناھسىز كىشىلەرنىڭ روھى ئۇ دۇنيادا راھەت-پاراغەتتە ياشايدىغان جاي؛ ئالىي ۋە ئەڭ گۈزەل باغ، بەھەشت؛ 2) سەككىز جەننەتنىڭ بىرىنىڭ نامى، جەننەتنىڭ بىر دەرىجىسى.

**جۇلا (جىلا)** 1) «ئون ئىككى مۇقام» نىڭ چوڭ نەغمە قىسمىدىكى بىر مۇزىكا بۆلىكىنىڭ نامى؛ 2) روشەنلىك، پارلاقلىق.

## خ

**خەزايىنۇل-مەئانى** «مەنىلەر خەزىنىسى». ئەلىشىر نەۋائى ئەسەرلىرى ئىچىدە غەزەللەردىن ئىبارەت 16 خىل ژانىردىن تەركىب تاپقان، 44 مىڭ 803 مىسرالىق،



中央民族大学图书馆

3130 شېئىرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تۆت دىۋاننىڭ
ئومۇمىي نامى. ئۇ كۆپىنچە «چەھار دىۋان» دەپ ئاتى-
لىپ كەلگەن.

**خەمسە** مەسنەۋىي شەكلىدە يېزىلغان بەش ئەسەر دېمەك-
تۇر. بۇنداق ئەسەرلەرنى مەيدانغا كەلتۈرگەنلەر
«خەمسەنەۋىس» ياكى «خەمسەچى» دېيىلىدۇ. شەيخ
نىزامى گەنجەۋى، ھەزرىتى ئەلىشىر نەۋائى مەشھۇر
خەمسە نەۋىسلەردۇر.

**خەيبەر** ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى ھىجاز ئۆلكىسىنىڭ شەر-
قىدىكى، مەدىنەنىڭ 170 كىلومېتر شىمالىدىكى بىر
شەھەر. قەلئە ئېگىز بىر قىيانىڭ ئۈستىگە قۇرۇل-
غان. بۇ قەلئە ھىجرىيىنىڭ يەتتىنچى يىلى يۈز بەر-
گەن خەيبەر ئۇرۇشى بىلەن شۆھرەت تاپقان.

**خوتەن** تەڭرى تاغلىرىنىڭ جەنۇبىدىكى، قارا قۇرۇم تاغ-
لىرىنىڭ باغرىدىكى بىر شەھەر. قەدىمكى مەدەنىيەت
مەركەزلىرىدىن بىرى؛ شەيخ سۇلەيماننىڭ «لۇغەتى
چاغاتاي» ناملىق ئەسىرىدە «خوتەن» سۆزىنى «ئەزىم
شەھەر»، «بۈيۈك قەلئە» دەپ ئىزاھلايدۇ. كلاسسىك
ئەدەبىياتتا بۇ شەھەرنى ھۆسنۇندار-گۈزەل قىزلىرى،
داڭلىق ئىپار-ئەنبەرلىرى، نەپىس گىلەم، يىپەك
ماللىرى بىلەن كۆپ ماختىشىدۇ.

**خۇسرەۋ** 1) پادىشاھ، ھۆكۈمدار، ئالىي ھۆكۈمران؛ ئى-
راننىڭ قەدىمكى كەيانى شاھلىرىدىن بىرىنىڭ نامى.

**خۇسرەۋ پەرۋىز** ئەلىشىر نەۋائىنىڭ «خەمسە» سى ئىچىدى-
كى «فەرھاد-شىرىن» داستانىنىڭ مۇھىم پېرسوناژ-



中央民族大学图书馆

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

لىرىدىن بىرى؛ پەرھادنىڭ رەقىبى.

**خۇسرەۋشاھ** «ھۇرلىقا-ھەمراجان» داستانىدىكى باش قەھرىمان ھەمراجاننىڭ دادىسى.

**خىزىر، ئىسكەندەر ۋە زۇلمەت قىسسىسى** «قىسەئى ئابىھە-يات» قا قاراڭ.

**خىزىر** رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، ئابى-ھەيۋان (تىرىكلىك سۈيى) نى ئىزدەپ تاپقان ۋە ئۇنىڭدىن ئىچىپ، دائىمىي تىرىك يۈرگەن بىر پەيغەمبەرنىڭ نامى. كىشىلەرگە ياردەم بېرىش، دوستلۇق ئىزھار قىلىش بىلەن مەشھۇر.

## د

**دارايى زەمان** زامان پادىشاھى دېگەن مەنىدە. دارا — ئەلىشىر نەۋائىنىڭ «سەددىي ئىسكەندەرى»ناملىق داستانىدىكى قەدىمكى ئىران شاھلىرىدىن بىرى بولغان مۇھىم پېرسوناژ، ئىسكەندەرنىڭ قېيىن ئاتىسىدۇر. ئۇ جاھاننى قولىغا كىرگۈزگەن قۇدرەتلىك جاھانگىر سۈپىتىدە تەسۋىرلىنىدۇ. كلاسسىك ئەدەبىياتتا شاھ-لارنىڭ سەلتەنىتىنىڭ يۇقىرىلىق دەرىجىسىنى كۆر-سىتىشتە سىمۋول قىلىنىپ: «دارايى زەمان» — زامان پادىشاھى؛ «دارا» — پادىشاھ؛ ساھىب، ئىگە مەنىلىرىدە ئىشلىتىلىدۇ.

**دارۇل-فەنا** بۇ دۇنيا، ئۆتكۈنچى دۇنيا؛ فانىيلىق ئۆيى.

**دارۇل-قەزا** قازىخانا.



中央民族大学图书馆

**داستان** 1) «ئون ئىككى مۇقام» ئىچىدىكى بىر چوڭ مۇزى-
كا بۆلىكىنىڭ نامى. 2) نەزىم (مەسنەۋىي) ياكى
نەسىر شەكلىدە يېزىلغان (ئېيتىلغان) چوڭ ھەجىمدى-
كى ھېكايە، داستان؛ 3) خەلق قەھرىمانلىرى ھەققى-
دىكى ئېپىك ئەسەر؛ 4) كۆچمە م: كەچمىش ۋەقە،
سەرگۈزەشت؛ 5) تارىخ.

**داۋۇد** «قۇرئانى كەرىم» دە ئىسمى ئاتالغان بەنى ئىسرائىل
پەيغەمبەرلىرىدىن بىرى. سۇلەيمان پەيغەمبەرنىڭ ئا-
تىسى. بۇ زات ھەم پەيغەمبەر، ھەم سۇلتان ئىدى.
ئۆزىگە ئىبرانچە «زەبۇر» كىتابى نازىل بولغان.
بەكمۇ خۇشئاۋاز ئىدى. مىلادىدىن ئىلگىرى 1010-
يىلى ۋاپات بولغان دەپ رىۋايەت قىلىنىدۇ.

**دەمى ئىيسا** دىنىي رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، ئىيسا پەي-
غەمبەر ئۆز نەپىسى بىلەن ئۆلگەنلەرنى تىرىلدۇرىدى-
كەن. كلاسسىك ئەدەبىياتتا يارنىڭ لېۋىنىڭ جان بې-
غىشلايدىغانلىقى مەسىھاغا ئوخشىتىلىدۇ ۋە «مەسىھا
نەفەس»، «مەسىھا دەم» ھەم «مەسىھاۋەش» دېگەن
تەۋسىفلەر بېرىلىدۇ.

**دىۋان** قەدىمكى شائىرلارنىڭ شېئىرلار توپلىمى. قاپىيە
ئېتىبارى بىلەن ھەرپ تەرتىپى ئاساسىدا تۈزۈلگەن
ھەجمى بىر قەدەر چوڭراق بولغان شېئىرىي مەجمۇئە.

## ر

**راك** 1) «ئون ئىككى مۇقام» تەركىبىدىكى بىرىنچى مۇ-



中央民族大学图书馆

www.uyghurkitap.com

قامنىڭ نامى؛ 2) بەزى مەنبەلەردە «رەگ» دەپمۇ كۆرسىتىلگەن؛ بۇ «ساپ»، «خاس» مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ، مەسىلەن: رەگ ئالتۇن — ساپ ئالتۇن؛ 3) «رەگ» (پارىسچە) — تومۇر، قان تومۇر مەنىسىنى ئىپادىلەيدۇ.

**روزى قىيامەت** دىنىي رىۋايەتلەر بويىچە ئىنسانلارنىڭ قايتا تىرىلىش كۈنى. بۇ كۈنى ئىنسانلار ئۆز ھاياتىدا قىلغان ياخشى-يامان ئىشلىرىدىن تەڭرى ئالدىدا ھېساب بەرگىدەك.

**رۇستەم** فىردەۋسىنىڭ «شاھنامە» ناملىق ئەسىرىدە تەسۋىرلەنگەن قەدىمكى ئىران پالۋانلىرىدىن بىرى. بەدىئىي ئەدەبىياتتا باتۇر، پالۋانلارنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە «رۇستەمچە»، «رۇستەم سۈپەت» ··· دېگەن ئوخشىتىشلار قوللىنىلىدۇ.

**رىزۋان** 1) رازىلىق، مەمنۇنىيەت؛ 2) كۆچمە م: جەننەت.

## ز

**زەھەبنا ۋادىيەل-مەقسەد، ۋەجەدنا ماھۇۋەل-مەقسۇد** — مەقسەد ۋادىسىنى كېزىپ، كۆزلىگەن نىشانىنى تاپتۇق:

«نەۋائى، كەئبە زىكرىن قويىكى، بىز دەيرى فەنا ئىستەپ
زەھەبنا ۋادىيەل-مەقسەد، ۋەجەدنا ماھۇۋەل-مەقسۇد».
— نەۋائى.



中央民族大学图书馆

**زىلەيخا** رەبغۇزىنىڭ «قىسەسۇل- ئەنبىيا» ناملىق ئەسىرى ئىچىدىكى «يۇسۇف- زىلەيخا» داستانىنىڭ باش قەھرى- مانلىرىدىن بىرى؛ ئېزىز مىسرىنىڭ قىزى.

## س

**سەرۋەر** رەئىس، باش، سەيىد: سەرۋەرى ئالەم — پۈتۈن ئالەملەرنىڭ سەرۋەرى، ئالەمنىڭ ئىگىسى.

**سەلىقە** 1) «ئون ئىككى مۇقام» نىڭ چوڭ نەغمە قىسمىدى- كى بىر مۇزىكا بۆلىكىنىڭ نامى؛ 2) زوق، ئىستەك، مەيل.

**سەنەم** 1) «ئون ئىككى مۇقام» نىڭ چوڭ نەغمە قىسمىدى- كى بىر مۇزىكا بۆلىكىنىڭ نامى؛ 2) بۇت؛ 3) كۆچمە م: گۈزەل يار، مەھبۇب؛ 4) «غەرىب- سەنەم» داستا- نىدىكى باش قەھرىمانلاردىن بىرى؛ غېرىبنىڭ مەشۇ- قى؛ شاھ ئابباسخاننىڭ قىزى.

**سەنەۋبەر** «سەنەۋبەر» داستانىنىڭ باش قەھرىمانى. خۇر- شىد شاھنىڭ ئوغلى، گۈلپەرىنىڭ ئاشىقى.

**سەييادى ئەزەل** ئەزەل ئوۋچىسى، ئىنسانلارنىڭ جېنىنى ئېلىشقا مەسئۇل پەرىشتە ئەزرائىل؛ قازا.

**سۇلەيمان** بەنى ئىسرائىل پەيغەمبەرلىرىدىن بىرى. داۋۇد پەيغەمبەرنىڭ ئوغلى. دادىسىنىڭ ۋەسىيتى بىلەن يەتتە يىلدا «بەيتۇل- مۇقەددەس» نى قۇرۇپ چىقتى. قۇددۇستا ھۆكۈمەتنىڭ بىر چوڭ سارىيىنى بەرپا قىلـ- دى. شەرق ۋە غەرب پادىشاھلىرىنى ئۆز ئىتائىتىگە



中央民族大学图书馆

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

كىرگۈزدى، 40 يىل ھەم پادىشاھلىق ھەم پەيغەمبەر-
لىك قىلدى؛ جىن-شەيتان، دىۋە-پەرىلەرنى بوي
سۇندۇرۇپ چىقتى؛ ئۇچار قاناتلار ۋە باشقا ھايۋاناتلار-
نىڭ تىلىنى بىلەتتى دەپ رىۋايەت قىلىنىدۇ.

**سىگاھ** 1) «ئون ئىككى مۇقام» تەركىبىدىكى ئۈچىنچى
مۇقامنىڭ نامى؛ 2) ئۈچىنچى دەرىجە، ئورۇن.

**سىمىيا** 1) ئاددىي مەدەنلەرنى ئالتۇن مەدىنىگە ئايلاندۇرۇش
غايىسى بىلەن ئېلىپ بېرىلغان بىر تەتقىقات. بۇ تەتقى-
قات كۆپلىگەن ماددىلارنىڭ تېپىلىشىغا سەۋەب بولغان
ۋە خىمىيە ئىلمىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە خىزمەت قىل-
غان؛ 2) نىشان، ئىشارەت، ئالامەت مەنىلىرىنى ئىپا-
دىلەيدۇ.

**سىينا** «تۇر»غا قاراڭ.

## ش

**شاھ بەرقۇت** «قەمەرشاھ ۋە شەمسى جانان» داستانىدىكى
پېرسوناژلاردىن بىرى. كۆھى قافنىڭ شاھى، شەمسى
جاناننىڭ دادىسى.

**شاھرۇخ** «ھۆرلىقا-ھەمراجان» داستانىدىكى باش قەھرى-
مانلاردىن بىرى بولغان ھۆرلىقانىڭ دادىسى. شۇ
داستاندىكى مۇھىم پېرسوناژلاردىن بىرى.

**شاھى خۇرشىد** «سەنەۋبەر» داستانىدىكى مۇھىم پېرسوناژ-
لاردىن بىرى. شۇ داستاننىڭ باش قەھرىمانى بولغان
سەنەۋبەرنىڭ ئاتىسى.



中央民族大学图书馆

**شاھى مۇرغان** قۇشلار شاھى، قۇشلارنىڭ ئۇلۇغى.

**شەمسى جانان** «قەمەرشاھ ۋە شەمسى جانان» داستانىنىڭ باش قەھرىمانلىرىدىن بىرى. قەمەر شاھنىڭ مەشۇ-قى، كوھى قافنىڭ شاھى بەرقۇتنىڭ قىزى؛ گۈزەل پەرى.

**شەھزادە فەررۇخ** «شاھزادە فەررۇخ-مەلىكە گۇلرۇخ» داستانىنىڭ باش قەھرىمانى. قەندىھار شەھرىنىڭ شا-ھى لەندىھۇرنىڭ ئوغلى. گۇلرۇخنىڭ ئاشىقى.

**شىرىن** «فەرھاد-شىرىن» داستانىدىكى ئاساسىي پېرسو-ناژ؛ باش قەھرىمان فەرھادنىڭ مەشۇقى؛ ئەرمىنىيە شاھى مېھىنبانۇنىڭ ئارزۇلۇق سىڭلىسى.

## غ

**غەرايىبۇس-سىغەر** «بالىلىق ئاجايىباتلىرى» ياكى «بالى-لىق لىرىكىلىرى». ئەلىشىر نەۋائىنىڭ مەشھۇر ئە-سىرى «خەزايىنۇل-مەئانى» تەركىبىدىكى بىرىنچى دىۋانىنىڭ نامى.

**غەرىب** «غەرىب-سەنەم» داستانىنىڭ باش قەھرىمانى؛ سە-نەمنىڭ ئاشىقى؛ ھەسەن ۋەزىرنىڭ ئوغلى.

**غىلمان** 1) غۇلام، خىزمەتكار؛ 2) رىۋايەتلەردە ئېيتىلى-شىچە، جەننەتنىڭ خىزمەتكارى. [بۇ سۆز گەرچە كۆپلۈك شەكلىدە بولسىمۇ لېكىن بىرلىك مەنىسىدە قوللىنىلىدۇ. بىرلىكى: غۇلام].



中央民族大学图书馆

## ف

**فەرھاد** نەۋائى «خەمسە» سى ئىچىدىكى ئەڭ يىرىك ئە-
سەر «فەرھاد-شىرىن» داستانىنىڭ باش قەھرىمانى؛
شىرىننىڭ ئاشىقى.

**فەرىدۇن** تۇران شاھلىرىدىن بىرىنىڭ نامى.

**فەۋائىدۇل-كىبەر** «قىرىلىق پايدىلىقلىرى» ياكى «قىرىد-
لىق لىرىكىلىرى». بۇ ئەلىشىر نەۋائىنىڭ مەشھۇر
ئەسىرى «خەزايىنۇل-مەئانى» تەركىبىدىكى تۆتىنچى
داستاننىڭ نامى.

## ق

**قەمەرشاھ** «قەمەرشاھ ۋە شەمسى جانان» داستانىنىڭ باش
قەھرىمانى. شەمسى جانانىنىڭ ئاشىقى.

**قۇڭرات** قەدىمكى تۈركىي قەۋملەردىن بىرىنىڭ نامى.

**قىسەئى ئابىھەيات** رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، خىزىر پەيغەمبەر
ۋە ھەزرىتى ئىسكەندەر ئابىھايات (تىرىكلىك سۈيى)
نى ئىزدەپ زۇلمەت ئىچىگە كىرگەن ۋە كۆپ جاپا-مۇ-
شەققەتلەرنى تارتقان، نەتىجىدە بۇ سۇ خىزىر پەيغەم-
بەرگە مۇيەسسەر بولغان. بۇ ۋەقەلەر بەدىئىي ئەدەبى-
ياتتا «قىسەئى ئابىھەيات» (ئابىھايات قىسسىسى) دەپ
ئاتالغان.

**قىيات** قەدىمكى تۈركىي قەۋملەردىن بىرىنىڭ نامى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com
中央民族大学图书馆

## ك

**كوھى قاف** قاپ تېغى. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، بۇ تاغ پۈتۈن يەر يۈزىنى ئوراپ تۇرغان بولۇپ، ئەنقا قۇشىمۇ، ئابىھايات (تىرىكلىك سۈيى) مۇ مۇشۇ تاغدا ئىمىش.

## گ

**گۈلەمخان** شۇ ناملىق داستاننىڭ باش قەھرىمانى.

**گۈلجامال** «غەرىب-سەنەم» داستانىنىڭ باش قەھرىمانى غېرىبنىڭ سىڭلىسى.

**گۈلجەملە** «ھۆرلىقا-ھەمراجان» داستانىنىڭ باش قەھرىمانى ھەمراجاننىڭ سىڭلىسى.

**گۈلشاھ** «گۈلشاھ-ۋەرەقە» داستانىنىڭ باش قەھرىمانى، ۋەرەقەنىڭ مەشۇقى، ھىمامنىڭ قىزى.

**گىتىنەما** جاھاننى كۆرسەتكۈچى (ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن ئىختىرا قىلدۇرغان، دۇنيادىكى مەۋجۇت نەرسىلەرنى ئۆزىدە ئەكس ئەتتۈرەلەيدىغان) جام.

## ل

**لەۋھى قەلەم** دىنىي ئەقىدىلەرگە قارىغاندا، ھەربىر شەيئىنىڭ ئاۋۋىلى ۋە ئاخىرىنىڭ ئەزەل كۈنى ئىلمىي ئىلاھىدا يېزىلىشى ۋە ئۇنىڭ بىر ئاتىلىشى.



中央民族大学图书馆

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

**لەئلى بەدەخشان** بەدەخشاندىن چىقىدىغان ئەڭ ساپ، ئەڭ تازا لەئل، ياقۇت، بەدىئىي ئەدەبىياتتا بۇ بەدەخشان ياقۇتى يارنىڭ لېۋىگە ئوخشىتىلىدۇ.

**لەيلى** 1) تۇم قاراڭغۇ كېچە؛ 2) ئەرەبىي ئايالارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى كېچىسى؛ 3) «لەيلى-مەجنۇن» داستانىنىڭ ئايال قەھرىمانى؛ مەجنۇننىڭ مەشۇقى.

**لولى** 1) دولان قىزى، دولانلىق؛ 2) كۆچمە م: شوخ، گۈزەل، سۆيۈملۈك، يار.

## م

**مەجنۇن** 1) نەۋائى «خەمسە» سى تەركىبىدىكى «لەيلى-مەجنۇن» داستانىنىڭ باش قەھرىمانى؛ لەيلىنىڭ ئاشىقى؛ 2) سارالڭ، ئەقلىدىن ئازغان، مەجنۇن.

**مەشرەب** 1) «ئون ئىككى مۇقام» ئىچىدىكى ئۈچىنچى چوڭ مۇزىكا بۆلىكىنىڭ نامى؛ 2) XVII ئەسىرنىڭ ئاخىرى XVIII ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ياشىغان شائىر بابا رەھىمنىڭ تەخەللۇسى؛ 3) بەزمە، ئولتۇرۇشنىڭ نامى. 4) تەبىئەت، خاراكتېر، ئادەت، خۇلق، رەۋىش.

**مەقام** 1) «ئون ئىككى مۇقام» نىڭ ئومۇملاشتۇرۇلغان نامى؛ 2) جاي، تۇرار جاي، ئورۇن؛ 3) دەرىجە، باسقۇچ.

**مەلەك** 1) پەرىشتە؛ 2) كۆچمە م: ناھايىتى گۈزەل؛ **مەلەكۋەش** — پەرىشتەدەك، پەرىشتەگە ئوخشاش.



中央民族大学图书馆

**مەنسۇرھەللاجى** ئەسلى ئىسمى ھۈسەيىن. تەسەۋۋۇپ مەس-
لىكىدە مەشھۇر، مەنىۋىي ئىستىغراق (ئۆزىنى بىلمە-
گەن ھالدا ھەيرەتكە چۆمۈش) ھالىتىدە ھېسسىياتلى-
رىنى، چۈشەنچىلىرىنى زاھىرەن شەرىئەتكە زىت ھال-
دا سۆزلىگەنلىكى ئۈچۈن ھىجرىيىنىڭ 306-يىلى قەت-
لى قىلىنغان.

**مۇز داۋان** قەدىمكى دەۋرلەردە ئالتە شەھەر خەلقىنىڭ جە-
نۇبتىن تەڭرى تېغىنى كېسىپ، شىمالغا ئۆتىدىغان
كارۋان يولىدىكى قىش-ياز مۇز ئېرىمەيدىغان خەتەر-
لىك، تار بىر داۋان. ئۇ «مۇز ئارت داۋىنى» دەپمۇ
ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ بىر يېنى تىك تاغ بولۇپ، يەنە بىر
يېنى ئاستى كۆرۈنمەيدىغان قاپتال، بۇ داۋان ھازىرقى
ئاقسۇ بىلەن مۇڭغۇلكۈرە ناھىيىسىنىڭ شوتا يېزىسى
ئارىلىقىغا توغرا كېلىدۇ.

**مۇسا پەيغەمبەر** «قۇرئانى كەرىم» دە نامى ئاتالغان پەيغەم-
بەرلەردىن بىرى. دىنىي رىۋايەتلەرگە كۆرە، تۇر تې-
غىدا تەڭرى بىلەن سۆزلەشكەن دېيىلىدۇ.

**مۇستەفا** 1) «تاللانغان، تاللاۋېلىنغان» دېگەن مەنىلەردە؛
2) مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ سۈپەتلىرىدىن بىرى.

**مۇستەھزاد** 1) «ئون ئىككى مۇقام» نىڭ چوڭ نەغمە قىس-
مىدىكى بىر مۇزىكا بۆلىكىنىڭ نامى؛ 2) ئارتۇتۇ-
رۇلغان، ئارتتۇرما؛ 3) مىسرالار ئاخىرىغا ئەرۇز
قائىدىسى ئاساسىدا يېرىم مىسرا ئارتتۇرۇلىدىغان بىر-
خىل شېئىرىي شەكىل.

**مۇشاۋەرەك** «ئون ئىككى مۇقام» تەركىبىدىكى ئون بە-



中央民族大学图书馆

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

رىنچى مۇقامنىڭ نامى. بەزى مەنبەلەردە «نىشئاۋە-رەك» دەپ كۆرسىتىلگەن. بۇ «يۈرەككە تىغدەك تە-سىر قىلغۇچى» دېگەن مەننى ئىپادىلەيدۇ.

**مۇشكى خوتەن** خوتەن ئىپارى، ئەڭ ساپ، ئەڭ ئېسىل، بەكمۇ خۇش پۇراق ئىپار. بۇ ئىپار خوتەن كېيىكىنىڭ كىندىكىدىن چىققانلىقى ئۈچۈن كلاسسىك ئەدەبىياتتا «مۇشكى خوتەن» دەپ ئاتايدۇ ۋە ھىدىنى يارنىڭ چې-چىنىڭ ھىدىغا، رەڭگىنى قارىلىقىغا ھەم كۆز گۆھە-رىنىڭ قارىچۇقىغا ئوخشىتىدۇ.

**مۇقەددىمە** 1) «ئون ئىككى مۇقام» نىڭ چوڭ نەغمە قىس-مىدىكى دەسلەپكى مۇزىكا بۆلىكىنىڭ نامى، بۇ بۆلەك «مۇقام» دەپمۇ ئاتىلىدۇ؛ 2) ئالىدىدا ماڭغۇچى (ئەسكەر)؛ 3) ئالدى بىلەن ئېيتىلىدىغان سۆز، نۇ-تۇق؛ ئەسەرنىڭ باشلىنىش قىسمى، كىرىش سۆز.

**مىئراج كېچىسى** «لەيلەئى مىئراج» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ھىج-رىيە كالىندارى بويىچە رەجەب ئېيىنىڭ يىگىرمە يەت-تىنچى كېچىسى. مۇشۇ كېچىدە مۇھەممەد پەيغەمبەر مىئراجغا چىققان دەپ رىۋايەت قىلىنىدۇ.

## ن

**نەغمە** 1) «ئون ئىككى مۇقام» دىكى كۈي ئىسىملىرىدىن بىرى، مەسىلەن: «چوڭ نەغمە» دېگەنگە ئوخشاش؛ 2) كۈي، ئاھاڭ، مۇقام؛ 3) سايراش.

**نەقشبەندىي** خوجا باھاۋىددىن نەقشبەند تەرىپىدىن يولغا



中央民族大学图书馆

قويۇلغان سوپىلىق تارمىقىغا تەۋە كىشى.

**نەۋا** 1) «ئون ئىككى مۇقام» تەركىبىدىكى ئونىنچى مۇ-
قامنىڭ نامى؛ 2) ئاۋاز، سادا، ئۈن؛ 3) كۈي،
مۇزىكا ئاھاڭى، مۇڭ-لۇق ئۈن؛ 4) بايلىق؛ 5) نە-
سىۋە، بەھرە.

**نەۋادىرۇش-شەباب** «ياشلىق نادىرلىقلىرى» ياكى «ياش-
لىق لىرىكىلىرى»، ئەلىشىر نەۋائىنىڭ مەشھۇر ئە-
سىرى «خەزايىنۇل-مەئانى» تەركىبىدىكى ئىككىنچى
دىۋانىنىڭ نامى.

**نۇسخە** 1) «ئون ئىككى مۇقام» نىڭ چوڭ نەغمە قىسمىدى-
كى بىر مۇزىكا بۆلىكىنىڭ نامى؛ 2) يېزىق، بىرەر
يېزىقنىڭ ئەينەن كۆچۈرمىسى؛ 3) كىتاب، رىسالە.

## ھ

**ھاتەمى تەي** تولۇق ئىسمى ئەبۇ ئادى بىننى ئەبدۇللاھ بىن-
نى سەئىد. بۇ زات ئەرەب قەبىلە باشلىقلىرىنىڭ چوڭ-
لىرىدىن ۋە شائىرلىرىدىن بولۇپ، سېخىيلىقى بىلەن
شۆھرەت تاپقان. بەزى شېئىرلىرى توپلىنىپ بىر دى-
ۋان ھالىتىگە كەلتۈرۈلگەن ۋە لوندرادا نەشر قىلىن-
غان. مۇھەممەد پەيغەمبەر زامانىغىچە ياشىغان بولسى-
مۇ لېكىن دىدارلىشىشتىن بۇرۇن ۋاپات بولغان.

**ھەمراجان** «ھۆرلىقا-ھەمراجان» داستانىدىكى باش قەھ-
رىمان. ھۆرلىقانىڭ ئاشىقى.

**ھۆرى ئەين** جەننەتتىكى كېيىك كۆزلۈك، ناھايىتى گۈزەل



中央民族大学图书馆

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قىزلار، كۆزلىرىنىڭ قارىچۇقى بەكمۇ قارا، ئېقى بەكمۇ ئاق بولغان جەننەت قىزلىرى.

**ھۇسەينىي** قەدىمكى مۇقاملارنىڭ بىرىنىڭ نامى. كلاسسىك-لارنىڭ غەزەللىرىدە بۇ نام تىلغا ئېلىنىدۇ:

«مەقاملارنىڭ ئاتاسىنى ھۇسەينىيۇ ئەجەم دەرلەر،
بۇلاردىن يوقارىكىم پەردەئى باياتىنى چالسام».

— مەشرەب.

**ھىجاز** 1) قەدىمكى مۇقاملاردىن بىرىنىڭ نامى؛ 2) ئاھاڭ، كۈي؛ 3) ئەرەبىستاننىڭ غەربىي شىمال قىسمى، مەككە ۋە مەدىنە شەھەرلىرى جايلاشقان تېررىتو-رىيە.

**ھىندۇ** 1) ھىندى، ھىندىستانلىق؛ 2) كۆچمە م: قارا رەڭلىك.

**خالى ھىندۇ** — قارا مەڭ.

## ئۇ

**ئۇششاق** 1) «ئون ئىككى مۇقام» تەركىبىدىكى سەككى-زىنچى مۇقامنىڭ نامى؛ 2) ئاشىقلار، سۆيگۈچىلەر.

## ئۆ

**ئۆزھال** 1) «ئون ئىككى مۇقام» تەركىبىدىكى ئالتىنچى مۇقامنىڭ نامى؛ 2) ئۆزىنىڭ ھالى-زارى، ھال-زار ئېيتماق، ئۆز ئەھۋالىدىن قايغۇرماق، نالە-زار



中央民族大学图书馆

قىلماق.

## ۋ

**ۋامىق** نورۇزاخۇن كاتىپ زىيائى يازغان «ۋامىق-ئۇزرا» ناملىق داستاننىڭ باش قەھرىمانى، ئۇزرانىڭ ئاشىقى.

**ۋەرەقە** «گۇلشاھ-ۋەرەقە» داستانىنىڭ باش قەھرىمانلىرىدىن بىرى. گۇلشاھنىڭ ئاشىقى، ھىلالنىڭ ئوغلى.

**ۋەيسى قىرەن** (ئۇۋەيسەل-قەرانى) ياكى ۋەيس دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ كىشى خەلىفە ئەبۇ بەكرى ۋە خەلىفە ئۆمەر دەۋرلىرىدە مەدىنىدە كۆپ ھۆرمەت قازانغان، ئۆز قەبىلىسىنىڭ ئۇلۇغلىرىدىن بولۇپ، ھەدىستە مەدھىيىلەنگەن ۋەلى دەپ رىۋايەت قىلىنىدۇ.

## ئى

**ئىبنى يەمىنجان** رەبغۇزىنىڭ «قىسەسۇل-ئەنبىيا» ناملىق ئەسىرىدىكى مەشھۇر «يۇسۇف ۋە زىلەيخا» قىسسىسىنىڭ باش قەھرىمانى يۇسۇپنىڭ بىر ئانىدىن بولغان قېرىندىشى، ئۇكىسى.

**ئىراق** 1) «ئون ئىككى مۇقام» تەركىبىدىكى ئون ئىككىنچى مۇقامنىڭ نامى؛ 2) ئىراق دۆلىتى.

**ئىسفىھانچە قىلىچ** ئىسفىھاندا ياسالغان قىلىچ، ئىسفىھان قىلىچى، ئېسىل ۋە ئۆتكۈر قىلىچ.



中央民族大学图书馆

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

**ئىسكەندەر** ئىسكەندەر زۇلقەرنەين؛ ئەلىشىر نەۋائىنىڭ مەشھۇر ئەسىرى «خەمسە» تەركىبىدىكى «سەددىي ئىسكەندەرى» ناملىق داستانىنىڭ باش قەھرىمانى. «ئابىھايات» نى ئىزدەپ خىزىر پەيغەمبەر بىلەن زۇلمەتكە كىرگەن بولسىمۇ لېكىن بۇ سۇنى ئىچىشكە مۇۋەپپەق بولالمىغان دەپ رىۋايەت قىلىنىدۇ.

**ئىسمائىل** لەقىمى «زەبىھۇللاھ»، رەبغۇزىنىڭ «قىسەسۇل-ئەنبىيا» ناملىق ئەسىرىدە ئالاھىدە تەسۋىرلەنگەن پەيغەمبەرلەردىن بىرى. ئۇ ئىبراھىم پەيغەمبەرنىڭ ئوغلى، ئاتىسى ئوغلى ئىسمائىلنى تەڭرى يولىدا قۇربانلىق قىلماقچى بولىدۇ، سەبى ئىسمائىلمۇ چىن دىلىدىن رازى بولىدۇ. قۇربانلىق قىلىش ئالدىدا تەڭرى ئىسمائىلنىڭ ئورنىغا جەننەتتىن بىر كۆك قوچقارنى ئەۋەتىدۇ. قوينى قۇربانلىق قىلىش شۇنىڭدىن قالغان دەپ رىۋايەت قىلىنىدۇ.

**ئىشرەبۇ يائەييۇھەل-ئەتشان** «ئەي تەشنالار، ئىچىڭلار!» دېگەن مەنىدە:

تەشنەلەب ئولمە، نەۋائى، چۈن ئەزەل ساقىسىدىن
«ئىشرەبۇ يائەييۇھەل-ئەتشان» كېلۇر ھەردەم نىدا».
— نەۋائى.

**ئىشرەت ئەڭگىز** 1) سۇلتان ئەبدۇررەشىدخانىنىڭ خانىشى، مۇقامشۇناس مەلىكە ئامانىساخان ئىجاد قىلغان مۇقامنىڭ نامى؛ 2) «شادلىق قوزغىغۇچى» مەنىسىدە.

**ئىيسا** «قۇرئانى كەرىم» دە نامى كۆرسىتىلگەن پەيغەمبەرلەردىن بىرى. رەبغۇزىنىڭ «قىسەسۇل-ئەنبىيا» نام-



中央民族大学图书馆

لىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئىيسا پەيغەمبەر بى بى مەريەم ئانىنىڭ ئوغلى بولۇپ، بىر نەپەس بىلەن ئۆلۈكنى تىرىلدۈرەلەيدىغان خاسىيەتكە ئىگە بولغانلىقىدىن «رۇھۇللاھ» دەپ ئاتالغان.

## ي

**يادا تاش** 1) رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، بۇ تاشقا قان چاچرىسا يامغۇر ياغقىدەك، قەدىمكى زاماندا قۇرغاقچىلىق بولۇپ قالغىدەك بولسا، كىشىلەر قوي-كالىلىرىنى ئۆلتۈرۈپ، قېنىنى يادا تاش ئۈستىگە تامغۇزىدىكەن، شۇنىڭ بىلەن يامغۇر تىلەيدىكەن؛ 2) قەدىمكى زامان كىشىلىرى ئالتۇننىڭ راست-يالغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن ئۇنى يادا تاشقا سۈركەيدىكەن، شۇنىڭدا ئالتۇننىڭ راست-يالغانلىقى مەلۇم بولىدىكەن.

**يارىم ساقى** 1) «ئون ئىككى مۇقام» تەركىبىدىكى بىر مۇزىكا بۆلىكىنىڭ نامى؛ 2) مەي تۇتقۇچى، شاراب سۇنغۇچى(مۇھەببەت شارابى بىلەن مەست قىلغۇچى) يار.

**يەمەن** 1) ئەرەب دىيارىدىكى بىر ۋىلايەتنىڭ نامى؛ 2) بۇ يەردە «يەمەن دېڭىزى» مەنىسىدە كەلگەن بولۇپ، ئېيتىلىشلارغا قارىغاندا، بۇ دېڭىزدىن ناھايىتى ئېسىل ئۈنچە-مەرۋايىت، ياقۇت چىققىدەكمىش:

«كۆرۈپ گۆلتەك يۈزۈڭ رەڭگىنى كۆزدىن يۈز چەمەن بولدى،



中央民族大学图书馆

ئەقىق ئەرىنگىنى كۆرگەلى كۆزۈم ھالى يەمەن بولدى».

— سەككاكى.

**يەئقۇب** «قۇرئانى كەرىم» دە ئىسمى ئاتالغان پەيغەمبەرلەردىن بىرى. ئىسھاق پەيغەمبەرنىڭ ئوغلى. «يۈسۈف-زىلەيخا» داستانىنىڭ باش قەھرىمانى يۈسۈپنىڭ ئاتىسى. ئوغلى يۈسۈپتىن ئايرىلىپ، ئۇنىڭ پىراقىدا 40 يىل ياش تۆككەن دەپ رىۋايەت قىلىنىدۇ.

**يۈسۈف** يەئقۇب پەيغەمبەرنىڭ ئوغلى. رەبغۇزىنىڭ «قىسەسۇل-ئەنبىيا» ناملىق ئەسىرى تەركىبىدىكى «يۈسۈف-زىلەيخا» داستانىنىڭ باش قەھرىمانى، زىلەيخانىڭ ئاشىقى.

**يۈسۈفبەگ** «يۈسۈف-ئەھمەد» داستانىنىڭ باش قەھرىمانى، ئەھمەد بەگنىڭ ئاكىسى.



中央民族大学图书馆

# كلاسسىك شائىرلارنىڭ
# قىسقىچە تەرجىمھالى



中央民族大学图书馆

www.uyghurkitap.com





中央民族大学图书馆

# مۇندەرىجە

لۇتفى ............................................ (131)
نەۋائى ........................................ (133)
ئايازى ........................................ (135)
مەشرەب ............................................ (135)
سادىقى ........................................ (137)
مەھزۇن ........................................ (138)
ھۇۋەيدا ............................................ (139)
قەلەندەر ............................................ (140)
مەشھۇرى ............................................ (141)



中央民族大学图书馆

www.uyghurkitap.com





中央民族大学图书馆

**لۇتفى** — ئىسمى ئۇبەيدۇللاھ بولۇپ، «لۇتفى» ئۇنىڭ تەخەللۇسىدۇر. ئۇ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ XV ئەسىردىكى مەشھۇر نامايەندىلىرىدىن بىرى. لۇتفى مىلادى 1366-يىلى ھىراتتا تۇغۇلغان، 1465-يىلى شۇ يەردە ۋاپات بولغان. شائىرنىڭ «دىۋانى لۇتفى» ناملىق ئەسىرى، «گۇل ۋە نەۋرۇز» داستانى، «تۇيۇقلار» ناملىق توپلىمى دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلگەن. ئۇنىڭدىن باشقا لۇتفى XV ئەسىرنىڭ مەشھۇر تارىخچىسى شەرەفۇددىن ئەلى يەزدىنىڭ «زۇفەرنامە» ناملىق ئەسىرىنى پارسچىدىن ئۇيغۇر تىلىغا نەزمىي يوسۇندا تەرجىمە قىلغان. «سەفىنەتۇش-شۇئەرا» ناملىق ئەسەردە ئېيتىلىشىچە، لۇتفىنىڭ مەسنەۋى شەكلىدىكى بۇ تەرجىمە ئەسىرى 20 مىڭ مىسرادىن ئاشىدىكەن. ئەپسۇسكى، بۇ ئەسەر دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كېلەلمىگەن. لۇتفى ئەسەرلىرىنىڭ قول يازما نۇسخىلىرى لوندون، سانپېتىربورگ، پارىژ، ئىستانبۇل، تاشكەنت قاتارلىق شەھەرلەرنىڭ مۇزېي ۋە كۇتۇپخانىلىرىدا ساقلانماقتا. يېقىندا لۇتفىنىڭ «گۇل ۋە نەۋرۇز» ناملىق داستانىنىڭ تولۇق بولمىغان بىر پارچە قول يازما نۇسخىسى خوتەندىن تېپىلدى.

لۇتفى ئۇيغۇر تىلى ۋە پارس تىلىدا ئىجاد قىلغان، لىرىك ۋە ئېپىك شېئىرىيەتنىڭ گۈزەل نەمۇنىسىنى ياراتقان پاساھەت ئېلىنىڭ شاھىدۇر. لۇتفى ئەسەرلىرىدە مۇھەببەت ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان؛ ساپ، سەمىمىي سۆيگۈ، ۋاپادارلىق، ھەققانىيەت، ئادالەت، ۋەتەنپەرۋەرلىك، مەرتلىك، جاسارەت مەد-



中央民族大学图书馆

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

ھېيىلەنگەن؛ شۇنداقلا شائىرنىڭ رېئال ھايات توغرى-
سىدىكى ئىزگۈ-تىلەكلىرى، تىنچلىق ۋە ئاسايىشلىق
ھەققىدىكى ئىلغار قاراشلىرى يۇقىرى بەدىئىي ماھا-
رەت بىلەن ئىپادىلەنگەن. لۇتفى ئۆز غەزەللىرىنىڭ
بىرىدە: «ئەي لۇتفى، ئۆزۈڭ ھىراتتا ياشاۋاتقىنىڭ
بىلەن شېئىرلىرىڭنىڭ شۆھرىتى خىتاي ۋە خوتەنگىچە
يەتكەن» دەپ ئېيتقىنىدەك، ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئەينى
دەۋردىلا خەلقىمىز ئارىسىغا كەڭ تارقالغانىدى.

ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر شائىر ئەلىشىر نەۋائىي ئۆزى-
نىڭ «مەجالىسۇن-نەفائىس»، «مۇھاكەمەتۇل- لۇ-
غەتەين»، «نەسايىمۇل-مۇھەببەت»، «چەھار دىۋان»
نىڭ دىباچىسى ۋە «رۇقئات» ناملىق بىر قاتار ئە-
سەرلىرىدە لۇتفى ۋە ئۇنىڭ ئىجادىيىتى توغرۇلۇق ئالا-
ھىدە توختىلىپ ئۆتكەن. لۇتفىنى «زۇل-لىسانەين»
(ئىككى تىللىق)، «شېئىرىيەتتە مەلىكۇل-كەلام»
(تىل پادىشاھى)، «تۈرك ئەلفازىنىڭ فۇسەھاسى،
ئۇيغۇر ئىباراتىنىڭ بۇلەغاسى» دەپ ئالاھىدە تەرىپلەي-
دۇ. شۇنداقلا لۇتفىنى پىر-ئۇستازى سۈپىتىدە تىلغا
ئېلىپ، ئۆزىنىڭ ئىجادىي مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى لۇتفى-
نىڭ مەدەت-ئىلھامى ۋە دۇئاسى بىلەن بىۋاستە باغ-
لايدۇ. «تارىخىي مۇسىقىيۇن» دا ئېيتىلىشىچە، لۇت-
فى ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ئىستېداتلىق مۇغەننى بولۇپ،
مۇزىكا ئىلمىدە 200 دىن ئارتۇق شاگىرتنى تەربىيىلەپ
يېتىشتۈرگەن پىر-ئۇستازلاردىندۇر.



中央民族大学图书馆

**نەۋائى** — ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىغا ناھايىتى زور تەسىر كۆرسەتكەن بۈيۈك مۇتەپەككۇر شائىردۇر. غىياسىددىن كىچىك ئوغلى ئەلىشىر نەۋائى 1441-يىلى ھىراتتا تۇغۇلۇپ، 1501-يىلى ۋاپات بولغان. ئۇ كىچىكىدىن تارتىپلا ئىلىم-مەرىپەتكە، ئەدەبىياتقا قىزغىن بېرىلگەن بولۇپ، ئۇزۇن ئۆتمەي ئۆز دەۋرىنىڭ ئەڭ بىلىملىك كىشىسىگە ئايلانغان، ئاساسىي ئۆمرىنى ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن ئۆتكۈزۈپ، شېئىرىيەتتە ئالەمشۇمۇل نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن. ئۆز ئىجادىيىتىدە شېئىرىيەتنىڭ خىلمۇ-خىل ژانىر ۋە شەكىللىرىنى قوللىنىپ ۋە ئىجادىي تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئاجايىپ پارلاق ئۈلگىلەرنى ياراتقان.

نەۋائىنىڭ «خەزايىنۇل-مەئانى» (مەنىلەر خەزىنىسى) ۋە «خەمسە» سىدىن باشقا تەزكىرىلىرى، ئىلمىي نەزەرىيىۋى ئەسەرلىرى، ئەخلاقىي ئەسەرلىرى، تارىخىي ئەسەرلىرى، بىئوگرافىك ئەسەرلىرى ۋە ۋەسىقىلىرى بولۇپ جەمئىي 29 پارچە ئەسەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كۇللىياتى دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن. ئۇنىڭ دىۋانلىرى، خەمسىلىرى ۋە يەككە ئەسەرلىرىنىڭ قول يازمىلىرى خەلقىمىز ئارىسىدا ئىنتايىن كۆپ تارقالغان.

«خەزايىنۇل-مەئانى» نەۋائى ئەسەرلىرى ئىچىدە ئاساسەن غەزەللەردىن ئىبارەت 16 خىل لىرىك ژانىردىن تەركىب تاپقان، جەمئىي 44 مىڭ 803 مىسرالىق 3130 شېئىرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «چەھار دىۋان»



中央民族大学图书馆

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بولۇپ، بۇنىڭ كۆپى سەممىيەتكە، گۈزەللىككە، ۋاپادارلىققا مەپتۇنلۇق؛ ئالدامچىلىققا، ساختىپەزلىككە، ۋاپاسىزلىققا نەپرەت بىلەن تولغان لىرىكىلاردۇر.

نەۋائى ئەسەرلىرى تېماتىك مەزمۇن، بەدىئىي شەكىل جەھەتتىن خىلمۇخىل بولۇشى بىلەنمۇ ھەجمى جەھەتتىكى كۆپلۈكى بىلەنمۇ ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدۇ. ئۇنىڭ تىل-ئەدەبىيات تەتقىقاتىغا ۋە باشقا تېمىلارغا دائىر ئەسەرلىرىمۇ ناھايىتى زور ئىلمىي قىممەتكە ۋە تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە. نەۋائى ئەسەرلىرىدە ئۆز دەۋرى ئۈچۈن ئىلغار بولغان زور ئەھمىيەتلىك پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقى ۋە بەدىئىي ماھارىتىنىڭ يۈكسەكلىكى بىلەن ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر سەنئەتكاردۇر. نەۋائىدىن كېيىن ئۆتكەن شائىرلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ پىر-ئۇستازى ساناپ، ئۇنىڭدىن ئۆلگە ئالغان. نەۋائى ئەسەرلىرى تۆت ئەسىردىن بېرى ئۇيغۇر مەدرىسلىرىنىڭ مۇھىم ئەدەبىيات دەرسلىكى بولۇپ كەلگەن. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەشھۇر «ئون ئىككى مۇقام» ىنىڭ نۇرغۇن نەغمىلىرى نەۋائى غەزەللىرى بىلەن جاراڭلايدۇ.

خوتەنلىك موللا ئىسمەتۇللاھ ئىبنى نىئمەتۇللاھ مۇئجىزىنىڭ «تارىخى مۇسىقىيۇن» ناملىق ئەسىرىدە كۆرسىتىلىشىچە: نەۋائى شېئىرىيەت دۇنياسىدىكى بىر بۈيۈك سىما بولۇشتىن تاشقىرى، ئۆز نۆۋىتىدە ئىستېداتلىق مۇغەننى ۋە مۇقامشۇناس بولغان، «نەۋا» مۇقامىنى ئىختىرا قىلغان.



中央民族大学图书馆

**ئايازى** — XV ئەسىرنىڭ ئاخىرى، XVI ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ياشاپ ئىجادىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللانغان شائىر ۋە مۇتەپەككۇردۇر. ئۇنى «تارىخى رەشىدى» نىڭ ئاپتورى مىرزا ھەيدەر كوراگان دېگەن قاراشلارمۇ بار.

ئايازى سۇلتان سەئىدخاننىڭ مەشھۇر سەركەردىلىرىدىن بىرى بولۇپ، سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئوردىسىدا مۇھىم ۋەزىپىلەردە بولغان. ئۇ كۆپلىگەن لىرىك شېئىرلارنى، يىرىك داستانلارنى يازغان. ئەپسۇسكى، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىن دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كېلەلىگىنى «جەھاننامە» ناملىق يىرىك داستان ۋە بىر پارچە تولۇقسىز دىۋاندىن ئىبارەت. بۇ دىۋان تېخى يېقىندا خوتەندىن قول يازما ھالىتىدە تېپىلدى. بىر تامچە سۇدىنمۇ قۇياشنىڭ ئەكسىنى كۆرگىلى بولغاندەك، ئايازىنىڭ ھازىرغىچە مەلۇم بولغان ئەسەرلىرىدىنمۇ ئۇنىڭ بەدىئىي ئىپادىلەش سەنئىتىنىڭ يۈكسەكلىكى، پىكىرلىرىنىڭ چوڭقۇرلۇقى، تىلىدىكى پاساھەتنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

**مەشرەب** — بابا رەھىم مەشرەب پەرغانە ۋادىسىدىكى ئەندىجان شەھىرىدە مىلادى 1641-يىلى دۇنياغا كەلگەن. كىچىك چېغىدىلا ئاتىسىغا ئەگىشىپ نەمەنگانغا كۆچۈپ كەلگەن. نەمەنگان مەكتەپلىرىدە باشلانغۇچ ساۋاتقا ئېرىشكەن. كېيىن ئاتىسى ئۇنى موللا بازارئاخۇننىڭ تەربىيىسىگە تاپشۇرغان. بابا رەھىم مەشرەب بۇ يەردە پارس-تاجىك ۋە ئەرەب تىللىرىنى ئۆگىنىۋالغان.



中央民族大学图书馆

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتى بىلەن تونۇشۇشقا كىرىش-
كەن.

مەشرەب 1672-يىلى جاھانگەشتىلىك يولىغا چۇ-
شۇپ، قەشقەرگە— ئافاق خوجا ھوزۇرىغا كەلگەن. بۇ
ۋاقىت سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرى
ئىدى. مەشرەب يەتتە يىلغا يېقىن ئافاق خوجا خىزمى-
تىدە بولغان. ئۇ 1672-يىلدىن ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى
كۈنىگىچە 39 يىل جاھانگەشتە بولۇپ ياشىغان. بۇ
جەرياندا تەڭرى تاغلىرىنىڭ شىمال ۋە جەنۇبىدىكى
شەھەرلەرنى، ماۋەرائۇننەھر، خوراسان ئۆلكىلىرى-
نى ئوتتۇرا ۋە يېقىن شەرق دىيارىنى ۋە بۇ يەردىكى
شەھەر، يېزىلارنى كەزگەن. مەشرەب ئىنسانىيەت
جەمئىيىتىدىكى چىنلىق، ياخشىلىق، گۈزەللىكنى،
ساختىلىق، قەبىھلىك، خۇنۇكلۇكنى ۋە بۇلارنىڭ
ھەممە جايدا ئوخشاشلىقىنى چۈشەنگەن، شۇنداقلا رې-
ئال ھاياتنىڭ ماھىيىتىنى تونۇپ يەتكەن. مەشرەب
مىلادى 1711-يىلى فېئودال مۇتەئەسسىپلەرنىڭ پىت-
نىسى بىلەن ئەشتەرخانلار سۇلالىسىغا مەنسۇپ قۇندۇز
شەھىرى ھۆكۈمرانى مەھمۇد قاتاغان تەرىپىدىن شۇ
يەردە دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرۈلگەن.

مەشرەب شېئىرىيىتىنىڭ ئاساسىي تېمىسى رېئال
ھايات ۋە ئىنساننىڭ ئۇنىڭدىكى قىسمەت-تەقدىرى،
غايىۋى ئىنتىلىشلىرىدىن ئىبارەت بولدى. ئۇ خەلق-
نى، خەلقنىڭ پاك ھېس-تۇيغۇلىرىنى كۈيلەپ، ئۇ-
لارنىڭ قايغۇ-ھەسرەتلىرىگە ئورتاقلاشتى. ئۇنىڭ
ئىشقىي لىرىكىلىرى رېئال دۇنياغا مۇھەببەت باغلاش،



中央民族大学图书馆

ئىنساننىڭ رېئال بەخت-سائادىتىنى بەرپا قىلىشتەك ئىلغار ئىدىيىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ.

مەشرەب ئەسەرلىرى ئۇيغۇر، ئۆزبېك ۋە باشقا خەلقلەر ئارىسىدا كەڭ تارقالغان. ئۇنىڭ ۋارىيانتلىرىمۇ نۇرغۇن. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا مەشرەب شېئىرىيىتىنىڭ تەسىرى ئىنتايىن چوڭقۇر. مەشرەب غەزەللىرى ئۈچ ئەسىردىن بۇيان «ئون ئىككى مۇقام» ئاھاڭلىرى بىلەن قوشۇلۇپ، خەلقىمىز تىلىدا ياڭراپ كەلمەكتە.

**سادىقى** — مۇھەممەد سادىق قەشقەرى «سادىقى» تەخەللۇسى بىلەن شېئىرلار يازغان ئۇيغۇر يېقىنقى زامان تارىخىدىكى كۆپ تەرەپلىمە ئىستېداتقا ئىگە ئالىم. ئۇنىڭ ئۇيغۇر تەزكىرىچىلىكى، تارىخشۇناسلىق، جەمئىيەتشۇناسلىق ۋە ئەخلاقشۇناسلىق ساھەسىدە قالدۇرۇپ كەتكەن مول مىراسلىرى بار. «تەزكىرەئى ئەزىزان»، «تەزكىرەئى خاجەگان، زۇبدەتۇل-مەسائىل»، «تەزكىرەئى ئەسھابۇل-كەھف»، «ئادابۇس-سالىھىن»، «تارىخى ئىسكەندەرىيە ۋە تاجنامەئى شاھى» قاتارلىق ئەسەرلەر مۇھەممەد سادىق قەشقەرىنىڭ دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن بەدىئىي مىراسلىرىدۇر. ئۇ تەرجىمە ساھەسىدىمۇ زور ئەھمىيەتلىك ئىشلارنى قىلدى. «تارىخى رەشىدى» نىڭ تەرجىمىسى ئۇنىڭ تەرجىمە خىزمىتىدە ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدۇ.

مۇھەممەد سادىق قەشقەرى شېئىرىي ئىجادىيەت جەھەتتىمۇ بىر قاتار مىراسلارنى قالدۇرۇپ كەتكەن.



中央民族大学图书馆

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭ دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن «سادىقى» تە-
خەللۇسىدىكى بىر قىسىم شېئىرلىرىدىن بەدىئىي ئەدە-
بىياتتا پىشقان سەنئەتكار ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى
بولىدۇ.

سادىقى شېئىرلىرى مەزمۇن جەھەتتە ئۆز دەۋرى-
دىكى مەۋجۇت ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە زىچ باغلانغان
بولۇپ، بۇ شېئىرلاردا خەلقىمىزنىڭ يېقىنقى زامان
تارىخىدا باشتىن كەچۈرگەن ئېچىنىشلىق قىسمەتلىرى
ئىپادىلەنگەن. بۇ شېئىرلار ئۆزىنىڭ چوڭقۇر مەزمۇ-
نى، تولۇپ تاشقان شېئىرىي ھېسسىياتى بىلەن كىشى
قەلبىنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىدۇ.

**مەھزۇن** — ئىسمى ئىسمائىل بولۇپ، «مەھزۇن» ئۇنىڭ
تەخەللۇسىدۇر. ئىسمائىل مەھزۇن XVIII ئەسىر ئۇي-
غۇر شېئىرىيىتىنىڭ يىرىك ۋەكىللىرىدىن بىرى. ئۇ
XVIII ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا تۇغۇلۇپ، ئىككىن-
چى يېرىمىغىچە ياشىغان. «دىۋانى مەھزۇن» دىكى ئاي-
رىم بېشارەتلەردىن قارىغاندا، ئۇنىڭ يۇرتى خوتەن
بولۇپ، «گۈجانباغ» كەنتىدىن ئىكەنلىكى مەلۇم.

«دىۋان مەھزۇن» شائىرنىڭ دەۋرىمىزگىچە يې-
تىپ كەلگەن بىردىنبىر يادنامىسى. ئۇنىڭدىكى غەزەل-
لەر كلاسسىك شېئىرىيىتىمىزدىكى ئەنئەنىۋى تېما
مۇھەببەت توغرىسىدا يېزىلغان. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە
«پەلەك زۇلمى» دىن شىكايەت، رىياكار شەيخلەرگە،
ھەسەتخورلارغا، زالىملارغا غەزەپ-نەپرەت مەھزۇن
شېئىرىيىتىنىڭ مۇھىم مەزمۇنلىرىدىن بىرىدۇر.



中央民族大学图书馆

مەھزۇن شېئىرلىرىدا ۋاپادارلىق، ساداقەت، سەمىمىيلىك، كەمتەرلىك ۋە ھالال مېھنەتنى قىزغىن مەدھىيىلەيدۇ.

«دىۋان مەھزۇن» دىكى شېئىرلار غايىۋي مەزمۇ-نىنىڭ چوڭقۇرلۇقى، ھېسسىياتقا بايلىقى، ئىپادىلەش شەكلىنىڭ خىلمۇخىللىقى، بەدىئىي ۋاستىلەرنىڭ رەڭمۇرەڭلىكى، لىرىكىۋىلىقى بىلەن ئالاھىدە خاراك-تېرلىقتۇر.

**ھۇۋەيدا** — خوجا نەزەر غايىب نەزەر ئوغلى ھۇۋەيدا XVIII ئەسىر ئۆزبېك ئەدەبىياتىنىڭ يىرىك نامايەندىلىرىدىن بىرى. ئۇنىڭ شېئىرلىرى ئۇيغۇر جامائەتچىلىكىگە ئەسىرلەردىن بېرى تونۇش. دىۋانى ئۇيغۇر خەتتاتلىرى تەرىپىدىن قايتا-قايتا كۆچۈرۈلۈپ، قولدىن قولغا ئۆ-تۈپ ئوقۇلۇپ كەلگەن، ئۇيغۇر مەكتەپلىرىدە ئەدەبىي دەرسلىك سۈپىتىدە ئوقۇتۇلغان.

خوجا نەزەر غايىب نەزەر ئوغلى ھۇۋەيدا XVIII ئەسىرنىڭ باشلىرىدا تۇغۇلۇپ، مىلادى 1780-يىلى ۋاپات بولغان. شائىرنىڭ 1909-يىلى تاشكەنتتە تاش مەتبەئە بىلەن نەشىر قىلىنغان «كىتابى ھۇۋەيدائى چىمىيانى» ناملىق دىۋانىغا 351 غەزەل، 28 رۇبائىي، 41 تۇتلىك، ئۈچ مۇخەممەس، بىر مۇسەددەس، بىر مۇسەممەن، ئىككى مۇستەھزاد، مەسنەۋى شەكلىدە يېزىلغان بىرقانچە ھېكايەت ۋە دېداكتىك داستانلىرى كىرگۈزۈلگەن.

ھۇۋەيدا شېئىرلىرى چوڭقۇر پىكىرگە، لىرىك



中央民族大学图书馆

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

ھېسسىياتقا تولغان بولۇپ، ھەققانىيەت، ئادالەت، ئىنسانپەرۋەرلىك، خەلقچىللىق، مەرىپەتپەرۋەرلىك غايىلىرى بىلەن سۇغۇرۇلغان. ئۇ ئۆز شېئىرلىرىدا پاكلىق، سەممىيلىك، دوستلۇق، ۋاپادارلىق ۋە مۇھەببەتنى قىزغىن كۈيلىگەن.

ئۇيغۇر كلاسسىك مۇزىكىسى «ئون ئىككى مۇقام» ئاھاڭلىرىدا ھۆۋەيدا غەزەللىرى ئەسىرلەردىن بۇيان جاراڭلاپ، كىشىلەر قەلبىگە ئىستېتىك زوق بېغىشلاپ كەلمەكتە.

**قەلەندەر** — شائىرنىڭ ئىسمى ھازىرغىچە مەلۇم ئەمەس، «قەلەندەر» ئۇنىڭ تەخەللۇسىدۇر. ئۇ تەخمىنەن XVIII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن XIX ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە ياشاپ ئىجاد ئەتكەن. ئۆمرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى خوتەندە ئۆتكەن.

«دىۋانى قەلەندەر» شائىرنىڭ دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن بەدىئىي مىراسىدۇر. بۇ دىۋان 1807-يىلى قۇربان ھېيتتا كۆچۈرۈلگەن. قەلەندەر دىۋانىدا مۇھەببەت تېمىسىنى ئاساس قىلغان ھالدا ۋەتىنىگە بولغان مۇھەببىتىنى، گۈزەل ھاياتقا بولغان كۈچلۈك ئىنتىلىشىنى، ۋاپا، ساداقەت، ياخشىلىق توغرىسىدىكى ئىلغار كۆز قاراشلىرىنى، ستەمكار زامان ئۈستىدىن قىلغان شىكايەتلىرىنى، كەلگۈسىگە بولغان گۈزەل ئارزۇ-ئارمانلىرىنى يۇقىرى بەدىئىي ماھارەت بىلەن ئەكس ئەتتۈرگەن.



中央民族大学图书馆

**مەشھۇرى** — ئىسمى ئىبراھىم بولۇپ، «مەشھۇرى» ئۇنىڭ تەخەللۇسىدۇر. شائىر مەشھۇرى XIX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا يەكەندە ياشاپ ئىجادىيەت ئېلىپ بارغان. «دىۋانى مەشھۇرى» ئۇنىڭ بىزگە قالدۇرغان ئەدەبىي مىراسى بولۇپ، XIX ئەسىر ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ تەرەققىياتىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. دىۋاندىكى غەزەللەرنىڭ ئاساسىي قىسمى ئىشق-مۇھەببەت تېمىسىغا بېغىشلانغان، دېداكتىك مەزمۇنلارمۇ خېلى سالماقنى ئىگىلەيدۇ. مەشھۇرى ئۆز غەزەللىرىدە «يار» دىن ئىبارەت سىمۋولىستىك ئوبرازنى يارىتىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ھايات توغرىسىدىكى ئىدىيىۋى قاراشلىرىنى ۋە گۈزەل ئارزۇ-ئىستەكلىرىنى، كىشىلىك مۇناسىۋەت ھەققىدىكى تۇيغۇلىرىنى ماھىرلىق بىلەن ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

بىز «دىۋانى مەشھۇرى» دىكى غەزەللەرنى ئوقۇغىنىمىزدا «جۇنۇن دەشتىدە ئاۋارە بولغان ئاشىقلار» نىڭ، «گەردۈندىن بېشىغا ئۈزۈلمەي بالالار يېغىۋاتقان بىچارىلەر» نىڭ پەريادىنى ئاڭلاۋاتقاندەك بولىمىز. شۇنداقلا ھىجران ئازابى، ۋىسال ئۈمىدى بىلەن يېنىۋاتقان مەشۇقنىڭ ئوتلۇق يۈرىكىنى تىڭشىغاندەك بولىمىز.



中央民族大学图书馆

www.uyghurkitap.com





中央民族大学图书馆

# «ئون ئىككى مۇقام» نوتىسىدا قوللىنىلغان شەرتلىك بەلگىلەر ھەققىدە ئىزاھات

1. مۇقام ئاھاڭلىرىدىكى بەزى ئالاھىدىلىكلەر ۋە ئۇنىڭ نوتىدىكى ئىپادىلىنىشى.

مۇقاملارنىڭ مۇقەددىمە، تەئەززە، تەئەززە مەرغۇلى، نۇسخە، نۇسخە مەرغۇلى ۋە چۇشۇرگىلىرىدە $\frac{4}{4}$ ئۇدارلىق، $\frac{5}{4}$ ئۇدارلىق، $\frac{2}{4}$ $\frac{3}{4}$ ئۇدارلىق ۋە $\frac{6\frac{1}{2}}{4}$ ئۇدارلىق ئالاھىدىلىكلەربار. «يايرىم ساقى» ئاھاڭى پەقەت «ئۇششاق» مۇقامىدىلا بولۇپ، ئۇنىڭدا $\frac{7}{8}$ ئۇدارلىق ئالاھىدىلىك بار.

$\frac{7}{8}$ ئۇدارنىڭ فورمولىسى مۇنداق: $\frac{(3+4)}{8}=\frac{7}{8}$

«مۇستەھزات»نىڭ ئۇدار فورمولىسى مۇنداق: $\frac{(3+2)}{4}=\frac{5}{4}$

«چوڭ سەلىقە»نىڭ ئۇدار فورمولىسى مۇنداق: $\frac{(3+2)}{8}=\frac{5}{8}$

«داستان»نىڭ ئۇدار فورمولىسى مۇنداق: $\frac{(3+4)}{8}=\frac{7}{8}$

«مەشرەپ»نىڭ ئۇدار فورمولىسى مۇنداق: $\frac{(3+6)}{8}=\frac{9}{8}$

يۇقىرىدىكىدەك ئۇدارلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئاھاڭلاردىكى ھەربىر تاكتىنىڭ ئالدىنقى ئۈچ ئۇدارىنىڭ ئۈچ ئاۋازدا، ئىككى تۇتاشما ئاۋازدا ۋە تۆت تۇتاشما ئاۋازدا قاتارلىشىپ كېلىشى «ئون ئىككى مۇقام» ئاھاڭلىرىنىڭ ئۇدار جەھەتتىكى ئەڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بولۇپمۇ مۇقاملارنىڭ «چوڭ نەغمە» قىسمىدىكى بەزى ئاھاڭلاردا $\frac{6\frac{1}{2}}{4}$ ئۇدار شەكلى كۆرۈلىدۇ. ئۇ، تۆت پارچە ئاۋازنىڭ بىرىكىپ بىر ئۇدار ھاسىل قىلغانلىقىنى، ئۇنىڭدا پۈتۈن ئۇداردىن ئالتىسىنىڭ، يېرىم ئۇداردىن بىرسىنىڭ بارلىقىنى، ھەربىر تاكتىنىڭ ئالدىنقى قىسمىدا $2\frac{1}{2}$ ئۇدار، كېيىنكى قىسمىدا تۆت



中央民族大学图书馆

ئۇدارنىڭ بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ، $\frac{(2\frac{1}{2}+4)}{4}=\frac{6\frac{1}{2}}{4}$ فورمىلىسى بويىچە ئىپادىلىنىدۇ.

2. ئاھاڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى ئىپادىلەشتە قوللىنىلغان شەرتلىك بەلگە-لەر.

1) ئەسلى ئاھاڭ «♮» بىلەن كۆتۈرۈلگەن ئاھاڭ «♯» ياكى ئەسلى ئاھاڭ «♮» بىلەن چۈشۈرۈلگەن ئاھاڭ «b» ئوتتۇرىسىدىكى ئاھاڭلارنى توغرا ئىپادىلەش ئۈچۈن، يېرىمنىڭ يېرىمنىڭ كۆتۈرۈلىشى «𝄲» ($\frac{1}{4}$ ھەسسە كۆتۈرۈش) بەلگىسى بىلەن، يېرىمنىڭ يېرىمنىڭ چۈشۈرۈلىشى «𝄳» ($\frac{1}{4}$ ھەسسە چۈشۈرۈش) بەلگىسى بىلەن، گاھىدا يەنە زۆرۈرىيەت تۇپەيلىدىن ئالدىنقىسى «↑» بەلگىسى، كېيىنكىسى «↓» بەلگىسى بىلەن ئىپادە قىلىندى ھەمدە بۇ بەلگىلەر ئىشلىتىلىش ئورنى جەھەتتىكى تەلەپكە ئاساسەن، كۆتۈرۈش ياكى چۈشۈرۈش تەلەپ قىلىنغان شۇ ئاھاڭنىڭ ئالدى تەرىپىگە قويۇلدى. ئاھاڭلارنىڭ $\frac{1}{4}$ دائىرە ئىچىدىكى يۇقىرىغا تىترىشى «W» بەلگىسى بىلەن، تۆۋەنگە تىترىشى «ᵮ» بەلگىسى بىلەن كۆرسىتىلدى.

2) ئاۋازلارنىڭ رىتىم شەكلىنى ئىپادە قىلىش مەقسىتىدە ھەربىر نوتىنىڭ باش قىسمىنىڭ ئاستىغا داپنىڭ «دۇم» ئاۋازى ئۈچۈن «D»، «تاك» ئاۋازى ئۈچۈن «T»، توختىتىغانلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن «O» بەلگىسى قويۇلدى.

3) تېكىستنىڭ مىسرا سانىنى ئىپادە قىلىش ئۈچۈن، ئاھاڭنىڭ ئاستى تەرىپىگە 1)، 2)؛ 3)...گە ئوخشاش سانلار بېرىلدى.

4) پائۇزا ۋە مەرغۇل نوتىسى تىرناق ئىچىگە ئېلىندى.

5) تەكرارلانغان ئاھاڭلاردا بىرىنچى قېتىم چېلىنغان ئاھاڭ شەكلى ئۆلچەم قىلىندى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com
中央民族大学图书馆

# ئون ئىككى مۇقام ۋە ئۇنىڭ ئابى چەشمىلىرى ھەم ئىشرەت ئەنگىز مۇقامىنىڭ ئاھاڭ تۈرلىرى

| | مۇقاملارنىڭ نامى / ئاھاڭ تۈرلىرى | راك | چەبىيات | سەگاھ | چەھارگاھ | پەنجىگاھ | ئۆزھال | ئەجەم | ئوشاق | بايات | نەۋا | مۇشاۋرەك | ئىراق |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| چوڭ نەغمە | مۇقاددىمە | 1a | 1a | 1a | 1a | 1a | 1a | 1a | 1a | 1a | 1a | 1a | 1a |
| | بىرىنچى تەئەززە | 1a mQ | 1a mQ | 1a mQ | 1a mQ | 1a mQ | 1a mQ | 1a mQ | 1a mQ | 1a mQ | 1a mQ | 1a mQ | 1a mQ |
| | ئىككىنچى تەئەززە | 2a ∂ mQ | | | | | | | | | | | |
| | بىرىنچى نۇسخە | 1a mQ | 1a m | 1a mQ | 1a mQ | 1a mQ | 1a mQ | 1a mQ | 1a mQ | 1a mQ | 1a mQ | 1a mQ | 1a mQ |
| | ئىككىنچى نۇسخە | 1a m | | | | 1a mQ | | | | | | | |
| | يارىم ساقى | | | | | | | | 1a mQ | | | | |
| | مۇستەھزاد | 1a mQ | 2a ∂ mQ | | 1a mQ | 1a m | | 1a | 1a m | | | | 1a m |
| | جۇلا | 1a | 1a m | 1a | 1a | 1a mQ | 1a | 1a m | 1a m | 1a | 1a | 1a | 1a |
| | سەنەم | 1a | 1a | 1a | 1a | 1a | 1a | 1a | 1a | 1a | 1a | 1a | 2a |
| | چوڭ سەلىقە | 1a | 1a | 1a | 1a | 1a | 1a | 1a | 1a | 1a | 1a | 1a | 1a |
| | بىرىنچى كىچىك سەلىقە | 4aL mQ | 3a mQ | 1a mQ | 1a mQ | 5a mQ | 2a mQ | 3a mQ | 2a mQ | 1a mQ | 1a mQ | 1a m | 2a mQ |
| | ئىككىنچى كىچىك سەلىقە | 1a ∂ m | | | | | | | | | | 1a mQ | |
| | پىشرەۋ | 2a mQ | | 1a | | 1a mQ | 1a mQ | | 1a mQ | | | | 3a m |
| | تەنكىد | 2aL mQ | 1a | 1a | 1a | 1a | 1a | 1a | 1a | 1a | 1a | 1a | 1a |
| داستان | بىرىنچى داستان | 1a m | 1a m | 1a m | 1a m | 1a m | 1a m | 1a m | 1a m | 1a m | 1a m | 1a m | 1a m |
| | ئىككىنچى داستان | 1a m | 1a m | 1a m | 1a m | 1a m | 1a m | 1a m | 1a m | 1a m | 1a m | 1a m | 1a m |
| | ئۈچىنچى داستان | 1a m | 1a m | 1a m | 1a m | 1a m | 1a m | 1a m | 1a m | 1a m | 1a m | 1a m | 1a m |
| | تۆتىنچى داستان | 1a m | 1a m | | | 1a m | 1a m | | 1a m | | 1a m | 1a m | |
| | بەشىنچى داستان | 1a m | | | | 1a m | 1a m | | | | | | |
| مەشرەپ | بىرىنچى مەشرەپ | 2a | 2a | 1a | 2a | 3a | 1a | 1a | 3a | 1a | 1a | 3a | 2a |
| | ئىككىنچى مەشرەپ | 1a | 2a | 2a | 3a | 1a | 3a | 2a | 2a | 2a | 2a | 2a | 2a |
| ئابى چەشمىلەر | | 1a | 1a | 1a m | 1a m | 1a m | 1a | 1a | 1a mQ | 1a | 1a | 1a | 1a |



中央民族大学图书馆

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# راك مۇقامىنىڭ ئاھاڭ تۈرلىرى

| بۆلەك | ئاھاڭ تۈرلىرىنىڭ نامى | رىتىم | باشلىنىش سۈرئىتى | ئاساسىي رىتىم شەكلى |
|---|---|---|---|---|
| چوڭ نەغمە | مۇقەددىمە | rubato | ♩=68 | # |
| | بىرىنچى تەئەززە | $\frac{3}{4}$ | ♩=60 | T. TDT TTD\|D OT D ‖ |
| | بىرىنچى تەئەززە مەرغۇلى ۋە چۇشۇرگىسى | $\frac{3}{4}$ | ♩=66 | T. TDT TTD\|D OT D ‖ |
| | ئىككىنچى تەئەززە | $\frac{3}{4}$ | ♩=60−63 | T. TTT TTD\|D OT D ‖ |
| | ئىككىنچى تەئەززە مەرغۇلى ۋە چۇشۇرگىسى | $\frac{3}{4}$ | ♩=66−69 | T. TTT TTD\|D OT D ‖ |
| | بىرىنچى نۇسخە | $\frac{6\frac{1}{2}}{4}=(\frac{2\frac{1}{2}+4)}{4}$ | ♩=60 | TTT TT D D. T T. T TTTT TTD‖ |
| | بىرىنچى نۇسخە مەرغۇلى ۋە چۇشۇرگىسى | $\frac{6\frac{1}{2}}{4}=\frac{(2\frac{1}{2}+4)}{4}$ | ♩=66 | TTT TT D D. T T. T TTTT TTD‖ |
| | ئىككىنچى نۇسخە | $\frac{4}{4}$ | ♩=96 | TT TTT T\|D O D D‖ |
| | ئىككىنچى نۇسخە مەرغۇلى | $\frac{4}{4}$ | ♩=100−104 | TT TTT T\|D O D D‖ |
| | مۇستەھزاد | $\frac{5}{4}$ | ♩=104−108 | TT OT T D D\|TT OT TDDD‖ |
| | مۇستەھزاد مەرغۇلى ۋە چۇشۇرگىسى | $\frac{5}{4}$ | ♩=108−112 | TT OT T D D\|TT OT TDDD‖ |
| | جۇلا | $\frac{4}{4}$ | ♩=56 | D TT TT T DD TO‖ |
| | سەنەم | $\frac{2}{4}$ | ♩=70 | D. T D T\|D DD‖ |
| | چوڭ سەلىقە | $\frac{5}{8}=\frac{(3+2)}{8}$ | ♩♪♩=42 | D. TTT DT\|D. TTT DT‖ |
| | بىرىنچى كىچىك سەلىقە | $\frac{2}{4}$ | ♩=60 | D DD TT\|DDDD TO‖ |
| | بىرىنچى كىچىك سەلىقە مەرغۇلى ۋە چۇشۇرگىسى | $\frac{2}{4}$ | ♩=72 | D DD TT\|DDDD TO‖ |
| | ئىككىنچى كىچىك سەلىقە | $\frac{4}{4}$ | ♩=84 | D. D TT TTDT\|DD OT TTDT‖ |
| | ئىككىنچى كىچىك سەلىقە مەرغۇلى | $\frac{4}{4}$ | ♩=84−88 | D. D TT ODDDT\|DDD TT ODDDT‖ |
| | پىشرەۋ | $\frac{2}{4}$ | ♩=60 | D. T OD T \|D D T DD T‖ |
| | پىشرەۋ مەرغۇلى ۋە چۇشۇرگىسى | $\frac{2}{4}$ | ♩=60 | D. T OD T \|D D T DD T‖ |
| | تەئكىد | $\frac{6}{8}$ | ♪=168 | D D T. T D\|D D T. T D‖ |
| | تەئكىد مەرغۇلى | $\frac{6}{8}$ | ♪=168−172 | T. T D T. T D\|T. T D T. T D‖ |
| | چوڭ نەغمە قىسمىنى تارقاق رىتىم بويىچە تاماملاش | | | |
| داستان | بىرىنچى داستان | $\frac{2}{4}$ | ♩=60 | D D\|D TT TTTT‖ |
| | بىرىنچى داستان مەرغۇلى | $\frac{2}{4}$ | ♩=66 | D D\|D TT TTTT‖ |
| | ئىككىنچى داستان | $\frac{7}{8}=\frac{(3+4)}{8}$ | ♩♪♩=36 | D. D T ‖ |
| | ئىككىنچى داستان مەرغۇلى | $\frac{7}{8}=\frac{(3+4)}{8}$ | ♩♪♩=40 | D. D T ‖ |
| | ئۈچىنچى داستان | $\frac{3}{4}$ | ♩=128 | D OTD\|T OTD ‖ |
| | ئۈچىنچى داستان مەرغۇلى | $\frac{3}{4}$ | ♩=150 | D OTD\|T OTD ‖ |
| | تۆتىنچى داستان | $\frac{7}{8}=\frac{(3+4)}{8}$ | ♩♪♩=36 | D. D T\|D D D T‖ |
| | تۆتىنچى داستان مەرغۇلى | $\frac{7}{8}=\frac{(3+4)}{8}$ | ♩♪♩=40 | D. D T\|D D D T‖ |
| | بەشىنچى داستان | $\frac{6}{8}$ | ♩=48 | (D)\|D. T D T. T D ‖ |
| | بەشىنچى داستان مەرغۇلى | $\frac{6}{8}$ | ♩=52 | (D)\|D. T D T. T D ‖ |
| مەشرەپ | بىرىنچى مەشرەپ | $\frac{7}{8}=\frac{(3+4)}{8}$ | ♩♪♩=40 | D D D T\|D O D T‖ |
| | ئىككىنچى مەشرەپ | $\frac{2}{4}$ | ♩=96 | D DT D T \|DTTT D T‖ |
| | پۈتۈن مۇقامنى تارقاق رىتىم بويىچە تاماملاش | | | |



中央民族大学图书馆

## ئاھاڭ كۆرسەتكۈچ جەدۋىلى

| بۆلەكلەر | ئەسلى | قوشۇلغىنى | جەمئى |
|---|---|---|---|
| چوڭ نەغمە | 168a | 26a | 194a |
| داستان | 92a | — | 92a |
| مەشرەب | 46a | — | 46a |
| ئابى چەشمە | — | 16a | 16a |
| ئىشرەت ئەڭگىز | — | 11a | 11a |
| جەمئى | 306a | 53a | 359a |

## بەلگىلەرنى ئىپادىلەش جەدۋىلى

| مەنىسى | بەلگىلەر |
|---|---|
| ئاھاڭ(ناخشا) | a |
| مەرغۇلى | m |
| چۈشۈرگىسى | Q |
| پۈتۈن قوشۇلغان | |
| يېرىم قوشۇلغان | L |
| ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن | ə |



中央民族大学图书馆

www.uyghurkitap.com





中央民族大学图书馆

# ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى

1

**راك**

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئون ئىككى مۇقام تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقات جەمئىيىتى نەشرگە تەييارلىدى

*

جۇڭگو قامۇس نەشرىياتى نەشر قىلدى ۋە تارقاتتى
(بېيجىڭ شەھىرى فۇچېڭمېن كوچىسى №17 پوچتا نومۇرى: 100037)
بېيجىڭ ئىككىنچى شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
شىنخۇا كىتابخانىسىنىڭ بېيجىڭ شۆبىسى تارقاتتى
1997-يىلى 2-ئاي 1-نەشرى، 1997-يىل 2-ئاي 1-بېسىلىشى
فورماتى: 1093×787 1/16 باسما تاۋىقى $362\frac{1}{2}$
تىرازى: 1—1000
ISBN 7—5000—5817—9
دۆلەت ئىچىدىكى باھاسى: 2000 يۈەن(بىر يۈرۈشىنىڭ)

中央民族大学图书馆